# ئۇيغۇر تىبابىتى قىسقىچە تارىخى ماتىرىياللىرى توپلىمى

**(1)**

«جۇڭگو تىببىي چوڭ قامۇسى» ئۇيغۇر تىبابەت تومى ئىشخانىسى
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتى ئۇيغۇر
تىبابىتى تەتقىقات ئىشخانىسى

[illegible]

# كىرىش سۆز

شىنجاڭ ئۇيغۇر تىبابىتى ئىلمىنىڭ تارىخى، مەملىكىتىمىزنىڭ ئىجتىمائىي پەنلىرىنىڭ بىر تەركىۋى قىسمى بولۇپ، ئۇ نەچچە مىڭ يىللىق ئۇزۇن تارىختا ئىگە. بۇندىن ئىلگىرى ۋەتەن تىبابىتى تارىخىدا، ئۇيغۇر تىبابىتى تارىخى يېزىلمىغانلىقى ئۈچۈن ئاق قالغان ئىدى. پارتىيە 11 - قۇرۇلتىيىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، مىللىي تىبابەتچىلىك ئىلمىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، سەھىيە مىنىستىرلىكىدىن رايونىمىزغا تاپشۇرغان «تىببىي چوڭ قامۇسى»نىڭ ۋەتەن تىبابىتى ئىلمىي قىسمىدىكى ئۇيغۇر تىبابىتى تارماق تومىنى يېزىشنى ئورۇنلاش بىلەن بىرگە 4 يىلدىن بۇيان تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، جاپالىق تىرىشىشلار نەتىجىسىدە «ئۇيغۇر تىبابىتى ئىلمىي قىسقىچە تارىخى»نىڭ ئىپتىدائىي ماقالىسىنى يېزىشنى دەسلەپكى قەدەمدە تاماملاپ، ۋەتەن تىبابىتى ئىلمىنىڭ تارىخىدىكى ئاقنى تولدۇردۇق.

ئۇزۇن مۇددەتلىك فېئوداللىق جەمئىيەتتە، ئۇيغۇر تىبابىتىدىن ئىبارەت بۇ گۆھەر ئەخلەت - چاۋا دەپ قارىلىپ، قوللاشقا ۋە رىغبەتلەندۈرۈشكە ئىگە بولالمىغان ۋە ھېچكىمنىڭ كارى بولماسلىقتەك ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان ئىدى. قەدىمدىن تارتىپ ئۇيغۇر تىبابىتىنىڭ نۇرغۇنلىغان تىببىي، دورا ئەسەرلىرى، مەخسۇس كلاسسىك ئەسەرلىرى بولغان بولسىمۇ، بىر قانچە قېتىملىق تارىخىي ئۆزگىرىشلەر تۈپەيلىدىن كۆپ قىسمى يوقىلىپ كەتكەن، يەنە بىر قىسمىنى چەتئەل قاراقچى - ئوغرىلىرى تەرىپىدىن بۇلاپ كېتىلگەن ئىدى. ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغانلىرى تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە يېزىلغان، تۇرپاندىن قېزىۋېلىنغان «قەدىمقى ئۇيغۇر تىبابىتى تېكىستلىرى» ۋە بېيجىڭ كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي رايوندىكى ئۇيغۇر تىۋىپلىرى يازغان ئەسەر «36 توملۇق خۇي خۇي رېتسىپلىرى»نىڭ مىن سۇلالىسى دەۋرىدە بېسىلغان تولۇق بولمىغان بىر نەچچە تومىدىن باشقا، ھازىر بار بولغان تىببىي قېدىمىي ئەسەرلەرنىڭ كۆپ قىسمى مىڭ، چىڭ سۇلالىلىرىدىن كېيىنكى ئۇيغۇر تىبابەت ئالىملىرىنىڭ مەخسۇس ئەسەرلىرى ۋە قول يازما ماتېرىياللىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

رايونىمىزنىڭ ئۇيغۇر تىبابىتى ئىلمىي مىراسلىرىنى قېزىش، تەتقىقات قىلىش خىزمەتلىرى 3- ئومۇمىي يىغىندىن كېيىن باشلانغان ئىدى. نازارىتىمىز 4 يىلدىن بۇيان ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، ھەرقايسى جايلارغا 3 قېتىم ئۇيغۇر تىبابىتى تارىخىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئەۋەتتى. ئۇلار يىپەك يولىنى بويلاپ، ئۇزۇن مۇساپىلارنى بېسىپ، مىڭلىغان قەدىمقى ۋە ھازىرقى زامان ماتېرىياللىرىنى كۆرۈپ چىقتى، نەچچە يۈزلىگەن پېشقەدەم ئۇيغۇر تىۋىپلىرىنى زىيارەت قىلدى. قېرىنداش ئۆلكە، رايون، شەھەرلەردىكى پەن - تېخنىكا ئورۇنلىرى كۇتۇپخانىلار، تارىخ تەتقىقات ئورۇنلىرى، قەدىمقى يادىكارلىقلارنى تەكشۈرۈش - قېزىش ئورۇنلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا، بەزى قەدىمىي خارابىلارنى تەكشۈرۈپ چىقتى، نۇرغۇنلىغان تارىخىي ماتېرىياللار

ۋە ئەمەلىي نەرسىلەرنى تاپتى. ئۇيغۇر تىبابىتىنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى دەسلەپكى قەدەمدە ئىگىلەپ چىقىپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئۇيغۇر تىبابىتىنىڭ مىراسلىرىنى قېزىش، رەتلەش ۋە تارىخى ماتېرىياللارنى تەتقىق قىلىش، ئۇيغۇر تىبابەت ئىلمى ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئاساس سېلىندى. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن بىز، خىزمىتىمىزنى قوللىغان، مەركىزىي مىللەتلەر تەتقىقات ئورنى، جۇڭگو ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى، بېيجىڭ كۈتۈپخانىسى، جۇڭيى تەتقىقات ئاكادېمىيىسىنىڭ جۇڭيى تارىخى ماتېرىياللىرى تەتقىقات ئورنى، بېيجىڭ داشۆې تارىخ پاكۇلتېتى، نەنجىڭ كۈتۈپخانىسى، نەنجىڭ داشۆې تارىخ پاكۇلتېتى، شاڭخەي كۈتۈپخانىسى، جۇڭخۇا مېدىتسىنا ئىلمى جەمئىيىتى، شاڭخەي شۆبىسى كۈتۈپخانىسى، ياڭجۇ، جىڭ جاڭ، سۇجۇ قەدىمى كىتابلار كۈتۈپخانىسى، شەنشى موزېيخانىسى، لەنجۇ كۈتۈپخانىسى، دۇڭخۇاڭ ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى، چۈەن جۇ موزېيخانىسى، شىنجاڭ پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئورنى، شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى، شىنجاڭ موزېيخانىسى، شىنجاڭ داشۆې، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كۈتۈپخانىلىرىغا ھەمدە خوتەن، تۇرپان، جىمسار، كۈچۈك قاتارلىق جايلاردىكى ئاسارە - ئەتىقىلەرنى باشقۇرۇش ئورۇنلىرىغا سەمىمىي رەھمەت ئېيتىدىغانلىقىمىزنى بىلدۈرىمىز.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، گەرچە بىز ئۈزلۈكسىز ھالدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، يېزىش ئاساسىدا ئىپتىدائىي ماقالىنى يېزىپ چىققان بولساقمۇ، ئادەم كۈچىمىز يېتەرسىز، ۋاقىت قىس، ماتېرىياللار كەمچىل بولغاچقا، ماتېرىيالدا يەنىلا كەمچىلىكلەر مەۋجۇت، بەلكىم خاتالىقلار كۆرۈلۈشى مۇمكىن. ماتېرىياللارنى ياخشى ساقلاپ، يوقىتىپ قويۇشتىن ساقلىنىش، تېخىمۇ مۇھىمى يولداشلاردىن پىكىر ئېلىشقا ئاسانلىق تۇغدۇرۇشنى مەقسەت قىلىپ ۋە بۇنىڭدىن كېيىن قايتا ئىشلەپ، ئۆزگەرتىپ تولۇقلاپ، يۇقۇرى كۆتىرىپ، بەلگىلىك تەلەپكە يەتكەندە پايدىلىق بولسۇن ئۈچۈن، مۇناسىۋەتلىك بىرقانچە ماقالىلارنى تاللاپ «ئۇيغۇر تىبابىتى قىسقىچە تارىخى ماتېرىياللىرى توپلىمى» قىلىپ تۈزۈپ چىقتۇق.

پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ ھەرقايسى جايلاردىكى مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلىرى، پەن - تېخنىكا خىزمەتچىلىرى، رايونىمىزدىكى مىللەتلەر تارىخى تەتقىقاتچىلىرى ۋە كادىر، ئاممىنىڭ تەنقىدى پىكىرلىرىنى بېرىپ تۈزىتىپ قويۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

**ئىسھاقجان**

1982 - يىل 9 - ئاينىڭ 24 - كۈنى

## مۇندەرىجە


شىنجاڭ ئۇيغۇر تىبابىتىنىڭ قىسقىچە تارىخى (1)..........................
..........................ئۇيغۇر تىبابىتى تارىخ گۇرۇپپىسى 1
جۇڭگو تىبابەتچىلىك - دورىگەرلىك ئىلمىي جەمئىيىتى شىنجاڭ رايونىنىڭ ۋەتىنىمىز-
نىڭ ئىچكى جايلىرى بىلەن بولغان زىچ مۇناسىۋىتىگە بىر نەزەر..........
..........................ئۇيغۇر تىبابەت تارىخى گۇرۇپپىسى 12
ئۇيغۇر تىبابىتى ۋە يىپەك يولى..........................سۇن جەندي 23
ئۇيغۇر تىبابىتى مىراسلىرىنى قېزىش - رەتلەشتىكى يېڭى نەتىجە.......... او لۇلۇ 30
ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنىڭ قىسقىچە تارىخى تەسۋىرى .................. مەمەت ۋەمەر 34

# شىنجاڭ ئۇيغۇر تىبابىتىنىڭ قىسقىچە تارىخى

مەملىكىتىمىز بۇنىڭدىن ئىككى مىڭ يىل بۇرۇنلا بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك فېئوداللىق دۆلەت بولۇپ شەكىللەنگەن بولۇپ، ئېلىمىزنىڭ غەربىي شىمال رايونى تارىختا "غەربىي رايون" دەپ ئاتالاتتى، بۇ جاي مەملىكىتىمىزدىكى قېرىنداش مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلارنىڭ بىرى بولۇپ، ھۇن، ئۇيسۇن، ساك، كىياڭ، سيانپى، جۇرجان، تۈرك، ئۇيغۇر، موڭغۇل، قىرغىز، مانجۇ ۋە خەنزۇ قاتارلىق مىللەتلەر بار ئىدى. ئەينى زاماندا بۇ رايوننىڭ چېگرىسى بالقاش كۆلىگىچە يەنى، ھازىرقى شىنجاڭ رايونىدىن كۆپ چوڭ ئىدى. مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي شىمالىدىكى چېگرا رايونى، يېقىنقى زاماندىلا جاھانگىرلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىقى تۈپەيلىدىن نۇرغۇن تېررىتورىيىسىنى قولدىن كەتكۈزۈپ قويغان.

بۇ رايوندىكى ھەر مىللەت خەلقى ئىپتىدائىي كوممۇنا دەۋرىدىن باشلاپلا مۇشۇ مۇنبەت زېمىندە ھايات كەچۈرۈپ، ئەۋلات قالدۇرۇپ ئۆتكەن. ئىشچان، قەھرىمان ھەر مىللەت خەلقى مۇشۇ زېمىننى سەھنە قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل - پاراسىتى بىلەن نۇرغۇن سەلتەنەتلىك كومېدىيىلەرنى ئويناپ، جۇڭخۇا مىللىتى ئۈچۈن شانلىق سەھىپىلەر يازغان. ئوتتۇرا ئاسىيانى كېسىپ ئۆتكەن ئالەمشۇمۇل «يىپەك يولى» — ياۋروپا، ئاسىيا، ئافرىقا قاتارلىق قىتئەلەردىكى نۇرغۇن ئەللەر ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادى، مەدەنىيەت ئالاقىسىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەن. ئۇيغۇر مىللىتى تارىختىن بۇيان، خەنزۇچە تارىخنامىلاردا خۇيخې (回纥)، خۇيخۇ (回鹘)، خۇيخې ئېر (辉和尔)، خۇيخې (辉和)، ۋېيۋۇ (畏吾)، ۋېيۋۇ (畏兀)، ۋېيۋۇئېر (畏吾尔)، ۋېيۋۇئېر (畏兀尔)، ۋۇيۇ (乌鹘)، ۋېيۋۇ (委吾)، گۇيگۇ (瑰古)، ۋېيۋۇ (委兀)، ۋېيۋۇ (伟兀)، ۋېيئېر (畏尔)، ۋېيۋۇ (伟吾)، ۋەيۋۇ (外吾)، ۋېيۋۇئېر (畏吾而)، ۋېيگوئېر (伟郭尔) قاتارلىق ناملار بىلەن خاتىرىلەنگەن. ھازىرقى ئۇيغۇر تىبابىتى، قەدىمكى ئۇيغۇر مىللىتى ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ تارىخىي ئۆزگىرىشلىرى جەريانىدا، تەبىئەت دۇنياسى ۋە كېسەللىكلەر بىلەن ئۇزۇن مۇددەت كۈرەش قىلىشى داۋامىدا يېقىن ئەتراپتىكى مىللەتلەرنىڭ تىبابەتچىلىك نەزەرىيىسىنى ئۈزلۈكسىز قوبۇل قىلىشى، ئۇزۇن مۇددەتلىك تەجرىبىلەرنى توپلاش ئاساسىدا راۋاج تاپقان. بۇ، مەملىكىتىمىزنىڭ بىر مۇھىم مىللىي مىراسى، شۇنداقلا ۋەتەن تىبابىتىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى.

## 1 - غەربىي رايوندىكى ئىپتىدائىي تىبابەتچىلىك

1. تىبابەتچىلىكنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى

مىلادىيىنىڭ بىر مىڭ ئىككى يۈز - بىر مىڭ ئۈچ يۈزىنچى يىللىرىدا ھىندىستاندا نەشر قىلىنغان «ھەر قايسى ئەللەر تەزكىرىسى» دېگەن كىتابتا خاتىرىلىنىشىچە، ئەڭ بۇ-

رۇنقى تىبابەتچىلىك ساھەسىدە، بۇنىڭدىن 3 مىڭ يىل ئىلگىرى تارىم ئويمانلىقىدىكى قازنۋاي دىگەن كىشى بەديىيان، سېرىق ھېلىلە، بىنەپشە، سانا، يارا تېشى، ئاش تۇزى، گوش قاتارلىق يەتتە خىل دورىنىڭ ئادەملەردىكى كېسەل ئازاۋىنى يوقىتالايدىغانلىقىنى بىلگەن. بۇ جەھەتتە ئەۋلاتلار ئۈچۈن يەنە نۇرغۇن غەيۇرانە چوچەكلەر قالغان. بىراق ئۇ زامانلاردا قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدىكى جەڭلەر، روھانىلىقلار، سېھىرگەرلىك كارامەت كۆرسىتىشلەر، دىن، نىكاھ، شىپاگەرلىك ئىشلىرىدا ئىپتىدائى تۇسلەر ئەكس ئېتەتتى. ئەينى زاماندا، ئەڭ بۇرۇنقى داۋالاش ئۇسۇللىرى ئىپتىدائى قابىلىيەتلەردىن باشلانغان ئىدى. ئۇ زامانلاردا كىشىلەر تيانشاننىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىدىكى ئوۋچىلىق ۋە كوچمە چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغان يېڭى تاش قورال دەۋرىدىلا، ئوت - سۇ ۋە ئوۋچىلىقتىن كېلىدىغان غەنىمەتلەرنى قوغلىشىپ كوچۈپ يۈرگەچكە، ھەمىشە ئۇسۇملۈك مىۋىلىرىنى ئىستىمال قىلىپ ئۇزلىرىنىڭ ئاشقازىنىنى زەخىملەندۈرۈپ قوياتتى. شۇنداقلا، گەمىلەردە تۇرمۇش كەچۈرگەنلىكى ئۈچۈن، ھول - يېغىن ۋە ئىسسىق - سوغۇق قاتارلىق تەبىي ھادىسىلەر تۈپەيلىدىن كېسەلگە گىرىپتار بولاتتى. «خۇەينەنزى» دىگەن كىتاپنىڭ 19 - جىلتىدا: "قەدىمقى كىشىلەر ئۇسۇملۈكلەرنى ئىستىمال قىلىپ، سوغۇق سۇ ئىچىپ، دەل - دەرەخ مىۋىلىرىنى، ھەتتا ئىلان گوشىنى يەپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، كوپىنچە ھاللاردا زەھەرلىنىپ كېسەل بولاتتى" دىيىلگەن. ئىپتىدائى قەبىلىلەر تولىمۇ ئاددى ئۇسۇلدا تۇرمۇش كەچۈرگەچكە، ئۇلارنىڭ يىمەك - ئىچمەك، تۇرار جاي شارائىتىنى ئۇزگەرتىپ، تەبىي زىيانداشلاردىن مۇداپىئەلىنىشى ھېچقاچان ئاسانغا چۈشمەيتتى. لېكىن ئۇلار تاشتىن چوقۇش ئەسۋابى، نەيزە، تاۋاق، ياغۇنچاق قاتارلىق قوراللارنى ياساپ ئىشلىتىپ، تەبىي مۇھىتقا ماسلىشىپ ھاياتلىقىنى ساقلاپ قالغان. ئۇلار يەنە تىبابەتچىلىكتە قوللىنىش ئۈچۈن سوڭەكتىن يىڭنە ياسىغان. بۇنداق يادىكارلىقلار شىنجاڭدىكى قەدىمقى تۇرار - جاي خارابىلىرىدىن تېپىلدى. قەدىمقى كىشىلەر مۇشۇنداق ۋاستىلار ئارقىلىق ئۇزلىرىنىڭ تۇرمۇش كەچۈرۈش شارائىتىنى ياخشىلاپ كېسەلنى داۋالىغان ۋە ئۇنىڭدىن مۇداپىئەلەنگەن. ئەينى زاماندا، مەيلى غەرپتىكى مىللەتلەر بولسۇن، ياكى شەرقتىكى مىللەتلەر بولسۇن، ھەممىسىنىڭ كېسەلنى داۋالاش مەقسىدىدە داخانلارغا پال ئاچقۇزۇش ۋە ئەم - دورىلارنى ئىشلىتىشى ئەينى ۋاقىتتا جىددى ئېھتىياجلىق نەرسە بولۇپلا قالماي، بەلكى ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ نادانلىق دەۋرلىرىدە ئۇزلىرىنىڭ تەن سالامەتلىكىنى قوغدايدىغان ئورتاق ئۇسۇلى ئىدى.

2. داخانلىق

قەدىمقى مەدەنىيەتلەردە تىبابەتچىلىك داخانلىققا كىرەتتى. مىلاددىن ئىلگىرى 4 مىڭىنچى يىللاردا بابىلنىڭ تىبابەتچىلىكى مىسوبىرامىيە (ئىككى دەريا ۋادىسى — ت) مەدەنىيىتىنىڭ بىرى ئىدى. داخانلار تاۋاپ قىلىش، دۇئا - تەلەپ قىلىش، ئىستىغپار ئوقۇش، قوشاق قېتىش قاتارلىق ۋاستىلار ئارقىلىق كېسەلنى داۋالايتتى. شۇنداقلا ھايۋانات، ئۇسۇملۈك ۋە كان جىسىملىرىدىن ئەم دورىلارنى ئېلىپ بىرىكتە ياساپ كېسەل داۋالايتتى. ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە غەربى رايوندا مۇقەددەم دەۋرلەردە قوللىنىلغان نۇرغۇن قەدىمقى دورىلار، داۋا - تەدبىرلەر ئىپتىدائى كوممۇنا تۈزۈمى باسقۇچىدىكى فانتازىيىلىك دۇنياقارىشىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ئىدى. ئوتتۇرا ئاسىيادا بىر مەزگىل ئەۋج ئالغان توتېمىزىم،

ئېستۇرى، زوراستى قاتارلىق دىنلار دەل فانتازىيىلىك ئاڭنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى شەكلى ئىدى. ئۇلار ئالەمدىكى بارچە مەۋجۇدىيەتنى ئىلاھ تۇتۇپ تۇرىدۇ، دەپ قارايتتى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە گويا روھ تەبىئەت دۇنياسىغا تەسىر كۆرسىتەلەيدىغاندەك ئىدى. بۇ، تەدرىجى ھالدا تەرەققىي قىلىپ، جىن - ئەرۋاھ كۆزقارىشى شەكىللەندى، ئۇلار بەزى كېسەللىكلەرنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى ھامان جىن - ئەرۋاھلاردىن كۆرەتتى. شۇنداق قىلىش نەتىجىسىدە ھەر خىل جىن - ئەرۋاھ (يالماۋۇز) لار بىلەن كۈرەش قىلىش ئارقىلىق "كېسەل داۋالاش" تەك بىر يۇرۇش ئۇسۇل بارلىققا كەلگەن ئىدى.

ئىپتىدائىي دەۋرلەردە، كۆك ئارت (پامىر) نىڭ شەرقىدە ياشىغان ئۇيغۇرلار شامان دىنىغا ئېتىقات قىلاتتى. ليۇ يىتاڭ يازغان «ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقات» دېگەن كىتاپتا: "ئۇيغۇرلار ئۇزۇندىن بېرى شامان دىنىغا ئېتىقات قىلىپ كەلگەن ئىدى، بۇ دەۋرگە يەتكەندە، بۇنىڭغا ئومۇمى يۈزلۈك چوقۇنىدىغان بولدى، بۇنىڭ بىلەنلا قالماي، بەلكى قەبىلە مۇتىۋەرلىرىمۇ تايىنىدىغان بولدى. شامانلار ئۇلارنىڭ ھوزۇرىدا بىللە بولۇپ دۆلەتنىڭ چوڭ - چوڭ ئىشلىرى توغرىسىدا پال ئېچىپ يۈرىدىغان بولدى. شامان داخانلار ئۆز ئىشلىرىنى دىنغا ئايلاندۇرۇش شەرتىنى ھازىرلىيالمىدى. شۇڭا ئۇنى پەقەت تەبىئەتتىكى غايىۋانە كۈچلەرگە چوقۇنىدىغان بىرخىل ئىپتىدائىي ئېتىقات دېيىشكىلا بولاتتى. ئۇلارنىڭ نەزىرى بويىچە قارىغاندا بارلىق تەبىي مەۋجۇدىيەتلەر ھامان ھەقىقى چوقۇنۇش ئوبيېكتىسى بولالايتتى. داخانلار پال ئېچىش، كەلگۈسىگە ھۆكۈم چىقىرىش، شەيتاننى يوق قىلىش، جىنلارنى قوغلاش، چۈشكە مەنا ئېيتىش قاتارلىق، كىشىلەرنى داۋالاش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئۇلار ھەتتا كىشىلەر ئىچىدىكى ھەر قانداق گۇمانلىق ئىشلاردىن خەۋەردار بولۇپ كۆرۈنەتتى، شامان داخانلار قەدىمى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائى مەدەنىيىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرى ئىنتايىن چوڭ ئىدى. ھەتتا شۇنىڭدىن مىڭ يىل كېيىنكى دەۋردە، يەنى ھازىرمۇ ئۇيغۇرلار ۋە تۈركى مىللەتلەر ئىچىدە «چام» ياكى «باخشى»لار مەۋجۇت. بۇنىڭدىن شامانلارنىڭ ئۇيغۇرلار ئىچىدە نەقەدەر كۈچلۈك تەسىرى بارلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ" دېيىلگەن.

چۇنچيۇ، جەنگو دەۋرىدە، غەربى رايوندا ۋ چۇپ دەپ ئاتالغان قەبىلىلەر رايونىدىكى بۇخارا، كېبۇت، كېش، مايمار قاتارلىق ئەللەردە ئاتەش دىنى ناھايىتى ئەۋج ئالغان ئىدى. بۇنىڭدىن پەيدا بولغان داخانلار دائىم "پىر ئوينىتىش" ئارقىلىق شەيتانلارنى يوق قىلىش بىلەن شۇغۇللىناتتى. داخان تىۋىپلەر بولسا، قەسدە - دۇئا ئوقۇپ بەدەنگە چاپلاشقان كېسەلنىڭ جىنىنى قوغلاپ كەتكۈزۈش ياكى ياۋۇز جىنلارنىڭ بەدەنگە كىرىۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش بىلەن شۇغۇللىناتتى. تاڭ دەۋرىگە كەلگەندە، غەربىي رايوننىڭ مايمار ئېلىدىكى غۇزلاردىن مىساش دېگەن دىندار نېستۇرى دىنىنى چاڭئەن شەھرىدە تارقىتىشقا باشلىغان ئىدى. چاڭئەندىن تېپىلغان مىساش قەۋرە تېشىدا بۇ ھەقتە خاتىرىلەر بار. ئاتەشپەرەستلىكنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى شامانىزىم دەۋرىمۇ داخانلارنىڭ كېسەل داۋالىيالايدىغانلىقىغا ئىشىنىدىغان دەۋر ئىدى. شامانلارنىڭ ئۆزىلا باخشى تىۋىپلار ئىدى. ئۇلارنىڭ تەسىرى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شىمالىي قىسمىدىكى مىللەتلەر ئىچىدە ناھايىتى چوڭ بولغان، ھازىرمۇ موڭغۇلىيە، سىبىرىيىلەردە ئۇلارنىڭ ئىزلىرىنى تاپقىلى بولىدۇ. جۇڭگو تارىخىي كىتاپلىرىدىن «تاڭنامە» 217 - جىلد، «قىرغىزلار تەزكىرىسى»دە: «بۇ يەردە داخانلارنى چام، دەپ چاقىرىدۇ» دېيىلگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمۇ

شۇنداق دەپ ئاتايتتى. بۇ دەۋرلەردە كىشىلەر كېسەللىككە نىسبەتەن تامامەن تەقدىرگە تەن بېرىش كۆزقارىشى بويىچە مۇئامىلە قىلىپ، داخان - پىر ئۇستاملارنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا ئىشەنچ قىلىپ ئولتۇراتتى. ئاتەشپەرەستلىك شامانىزمنىڭ ئورنىغا دەسسىگەندىن كېيىنكى دەۋرلەردە كىشىلەردە ياخشىلىق بىلەن نەسلىك، گۈزەللىك بىلەن سەتلىك كۈرىشى كۆزقارىشى تىكلەندى. كېسەللىكلەرگىمۇ مۇمكىن قەدەر بىرخىل كۈرەش قىلىش پوزىتسىيىسىدە بولدى. لېكىن كېسەلنى داۋالاشتا يەنىلا داخانلارنى ئاساسى تۇتۇپ، دەي- دىغان قاراشتىن چەتنەپ كېتەلمىدى. ئەمما بۇ دەۋرلەردە، كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئەمگەك ئەمەلىيەتلىرى داۋامىدا دەسلەپكى قەدەمدە كەڭ يايلاقلاردىكى ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋاناتلاردىن كېسەللىك ئازاۋىنى يېنىكلىتىدىغان دورىلار سۈپىتىدە پايدىلانغان بولۇشى مۇمكىن. چىن، خەن دەۋرلىرىدىلا، ئېلىمىزنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى تىبابەتچىلىك كىتاۋى «خۇاڭدى، نۇيجىڭ. سۇۋېن» (سېرىق ئېرىق خانى نامىدىن تۈزۈلگەن ئىچكى كېسەللىكلەر رىسالىسى — ت) دېگەن كىتابنىڭ «باشقىلارنىڭ پايدىلىق داۋالاش ئۇسۇل ۋە رېتسىپلىرى ھەققىدە با- يانلار» دېگەن قىسمىدا: "غەرپ — ئالتۇن، قاش تېشى چىقىدىغان يۇرتلاردۇر. ئۇ جايلار قۇملۇق - تاشلىق كېلىدۇ، ئۇيۇقتا ئورۇنلاشقان. خەلقلەر تاغ - دۆڭلۈكلەردە ماكان تۇتىدۇ، شامال كۆپ چىقىدۇ، سۈيى ھەم تۇپىسى كۈچلۈك كېلىدۇ، خەلقى يۇڭ رەخلەرنى كىيىدۇ. مايلىق - قۇۋۋەتلىك تائاملارنى يەيدۇ، شۇڭلاشقا نەس ھاۋالار ئۇلارنىڭ تاشقى ئەزالىرىنى زەخىملەندۈرەلمەيدۇ، كېسەللىك ئۇلارنىڭ ئىچكى ئەزالىرىدا پەيدا بولىدۇ. ئۇنى زەھەرلىك دورىلار بىلەن داۋالايدۇ. شۇڭا زەھەرلىك دورىلارمۇ غەرپتىن كەلتۈرۈلىدۇ" دېيىلگەن. بۇ كىتابتا ئېيتىلغان "غەرپ" دېگەن سۆز دەل ئېلىمىزنىڭ غەربىي شىمال رايونى بولۇپ، ئاساسەن شىنجاڭنى كۆزدە تۇتىدۇ. دورىلارنىڭ ئىچىدە ئادەمگە بېرىدىغان ئەكسىچە تەسىرى كۈچلۈك، كۈچى ئۆتكۈر دورىلار "زەھەرلىك دورىلار" دەپ ئاتىلاتتى. «خېڭگۇەنزى» دېگەن كىتابتا: "بيەنچۆيدەك كىشىلەر تۇمۇرلارغا نەشتەر ئۇرۇش، زەھەرلىك دورا ئىشە- لىتىش، مۇسكۇللارنى قىرىش، تېرىسىنى سويۇش جەھەتتە ھەممە بەگلىكلەر ئارا داڭ چىقارغان" دېيىلگەن. «لۇلەن» دېگەن كىتابنىڭ «تاغلار بايانى» دېگەن بابىدا: "داخان تىۋىپلار ۋە زەھەرلىك دورىلارنىڭ كۈچى بىلەن ئاستا - ئاستا شىپا تاپتى" دېيىلگەن. مۇقەددەم زاماندا، جۇڭگودىمۇ داخان تىۋىپلار بار ئىدى. گۇڭ زى: "ۋوتىۋەرلەر تاشپاقا قېپىدا پال ئاچقۇزاتتى، داخان تىۋىپلارغا كۆرۈنەتتى" دېگەن. كۇڭزىمۇ: "جەنۇبىي جۇڭ- گولۇقلاردا 'ئادەمدە ئەقىدە بولمىسا، داخان تىۋىپقا كۆرۈنگەن بىكار' دېگەن بىر گەپ بار" دېگەن. «تاغۇ - دەريالار ھەققىدە قەسىدىلەر» دېگەن كىتابتا 10 نەپەر داخاننىڭ بارلىقى خاتىرىلەنگەن: "دەشتى - چۆللەردە بىر تاغلىق يۇرت بار، ئۇنى فىگزۇ يۈيىن، دەپ ئاتايدۇ، ئۇنىڭدا كۈن بىلەن ئاي بار، يەنە بىر غايىۋانە تاغ بار، ۋۇشەن، ۋۇجى، ۋۇپەن، ۋۇپېڭ، ۋۇگۇ، ۋۇجېن، ۋۇلى، ۋۇدى، ۋۇشې، ۋۇلو دېگەن 10 نەپەر داخان شۇ جايدىن ئەرشكە چىقىپ، يەرگە چۈشۈپ يۈرۈپ تۈرلۈك گىيالارنى ئۆستۈرۈپ تۇرىدۇ" دېيىلگەن. بۇ 10 نەپەر داخاننىڭ ئىچىدە پەقەت ۋۇشەن بىلەن ۋۇپېڭدىن ئىبارەت ئىككى كىشىلا داخان تىۋىپ ئىدى. مەسىلەن: «خەتلەر ئىزاھى» دېگەن كىتابنىڭ 5 - جىلتىدا: "ۋۇپېڭ تىۋىپلىك قىلاتتى" دېيىلگەن. «لۈ جەمەت يازدۇرغان باھار - كۈز خاتىرىلىرى» دېگەن كىتابنىڭ 17 - جىلتىدا: "ۋۇشەن تىۋىپلىك قىلاتتى" دېيىلگەن. شىنجاڭدىن تېپىلغان «كاروشتى يېزىقىدا يېزىلغان

ۋەسىقىلەرنىڭ تەرجىمىسى» دېگەن كىتاپتىمۇ ئايال داخانلارنىڭ تىۋىپچىلىك قىلغانلىقى خاتىرىلەنگەن.

يەن يىپەك يازغان «جۇڭگو تىبابەتچىلىكىنىڭ مەنبەي ھەققىدىكى ئىسپاتلار» دېگەن كىتاپتا: "شاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە كىشىلەر جىنغا ئالاھىدە مۇئامىلە قىلاتتى، ھەر ئىش قىلماقچى بولسا، ئالدى بىلەن رەم ئاچقۇزاتتى، كېسەللىك سەۋەپلىرىنى بايان قىلىشتا رەمگە قاراپ سوزلەيتتى، سوزلەيدىغىنى، يەنى ئېيتقاندا توت تۇرلۇكتىن ئىبارەت بولاتتى. يەنى بىرىنچىدىن، تەڭرى خانلىرىنىڭ زېمىنگە چۇشۇشىدىن، ئىككىنچىدىن، جىن - شەيتانلارنىڭ بالا - قازايىدىن، ئۇچىنچىدىن، زەھەرلىك ئېرىتقۇلارنىڭ كوڭۇلنى ئازغاشتۇرۇشىدىن، توتىنچىدىن، ھاۋا كېلىماتىنىڭ تەسىرىدىن بولغان، دەيتتى" دېيىلگەن. ئالدىنقى 3 خىل سەۋەپتىن بولغانغا داخانلار قەسىدە ئوقۇپ ياراتقۇچى تەڭرى، ئاتا - بوۋا، جىن - ئەرۋاھلاردىن ئاپەتنى دەفئى قىلىشنى تىلەيتتى ۋە بۇنىڭ ئۇچۇن نەزىر - چىراق قىلاتتى. ئەڭ ئاخىرقى بىر سەۋەپتىن بولغانغا دورا بۇيرۇپ داۋالايتتى. بۇلار غەربىي رايوندىكى ئاتەشپەرەست داخانلارغا ئاساسەن ئوخشايتتى.

مۇقەددەم زاماندا، كىشىلەر ئالەمنى چۇشىنىشتە "باشقا تەسىراتلىرىنى ھېچبىر قوشۇپ قويماستىنلا تەبەت دۇنياسىنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى كورگەنلىكى" گە ئاساسلانغان. بۇ، ئاساسەن بىر خىل ساددا ماتېرىيالىزىملىق كوزقاراش ئىدى. دەسلەپتە كىشىلەر ئاساسەن ئوزلىرىنىڭ تەجرىبىلىرىدىگە يەنى نۇرغۇن ئەۋلات كىشىلەر ئىسپاتلاپ چىققان داۋالاش ۋە ساقلىقنى ساقلاش جەھەتتىكى دورىلار ۋە داۋالاش تېخنىكىلىرىغا تايانغان ئىدى.

چىن سۇلالىسىدىن ئىلگىرى يېزىلغان «تاغ - دەريالار ھەققىدە قىسسە»، «مۇ تەڭرىزادىنىڭ تەزكىرىسى» دېگەن كىتاپلاردا جۇ سۇلالىسىنىڭ مۇۋاڭ خانى غەربىي رايوننى ساياھەت قىلغاندا كوك ئارت (پامىر)دىن ئوتۇپ، كۇئېنلۇن تېغىغا بېرىپ شى ۋاڭمۇنى زىيارەت قىلغانلىقى ۋە شىنجاڭنىڭ قەدىمقى خۇشبۇي شارابى، زەپە، نىلۇپەر، قاش تېشى، چىلان قاتارلىق دورىلىرى خاتىرىلەنگەن. شىنجاڭدىكى قېدىمقى مىللەتلەر كوچمە چارۋىچىلىق - ئوۋچىلىق تۇرمۇشى داۋامىدا بەزى ھايۋانات دورىلىرىنى يەكۇنلەپ چىققان. مەسىلەن، سېرىق ماي، قېتىق، ھايۋانات مېيى ۋە ئىچكى ئەزالىرى قاتارلىقلارنى تەدرىجى ھالدا كېسەلنى داۋالاش ئۇچۇن ئىشلىتىشكە باشلاپ داخان تىۋىپلارنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلغان. «شىنجاڭدىن تېپىلغان كاروشتى يېزىقىدا يېزىلغان ۋەسىقىلەرنىڭ تەرجىمىسى» دېگەن كىتاپتا: «ئايال داخانلارنى جازالاش ۋە چەكلەش كېرەك» دېيىلگەن. شىنجاڭدا كىشىلەر ئىپتىدائى جەمىيەتتىن قۇللۇق جەمىيەتكە قەدەم قويغان مەزگىللەردە، بۇ جايدىكى تىبابەتچىلىك ئىشلىرى راھىپلارنىڭ دىنى تىبابەتچىلىكىنىڭ كونتىرولىغا قارشى كۇرەشلەر ئېلىپ بېرىپ، ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنىڭ تەدرىجى ھالدا شەكىللىنىشى ئۇچۇن ئاساس سالغان.

### 3. قۇللۇق جەمىيەتتىكى تىبابەتچىلىك

چىن - خەن دەۋرىدە، كوپ مىللەتلىك شىنجاڭنىڭ ئىگىلىگى قۇللۇق تۇزۇمىنىڭ تەرەققى قىلغان باسقۇچىدا تۇراتتى.

تيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى تارىم، تۇرپان، جۇڭغارىيە ئويمانلىقىدىكى بوستانلىقلاردا نۇرغۇنلىغان ئاتالمىش «شەھەر دولەتلىرى» بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىگىلىگى

مۇقىم ئولتۇراقلاشقان دېخانچىلىقنى ئاساس قىلاتتى. ئۇنىڭدا چارۋىچىلىقمۇ خېلى مۇھىم
سالماقنى ئىگەللەيتتى.
دېخانچىلىق رايونلاردا يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ۋە چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ
تۈرى كۆپ بولۇپ، بۇ جەھەتتە ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن ئاساسەن ئوخشايتتى. يېزا ئىگە-
لىك مەھسۇلاتلىرىدىن بۇغداي (ئارپىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە)، چەلگە شال (سېرىق گۈرۈچ)،
چۈژگۈن قوناق، لويلا، پۇرچاق قاتارلىق "5 خىل دانلىق زىرائەت" بار ئىدى. ئاشلىقتىن
باشقا ئۈزۈم، بېدە، ئانار ۋە باشقا يەل - يېمىشلەر، دورا ماتېرىياللىرى قاتارلىقلارمۇ تازا
ئوخشايتتى.
«غەربىي خەن سۇلالىسى بىلەن غەربىي رايون قاتارلىق جايلارنىڭ ئىقتىسادى، مەدە-
نىيەت مۇناسىۋىتى» دېگەن كىتاپتا خاتىرلىنىشچە، غەربىي رايوندا ئۇستۇرۇلىدىغان ئۈزۈم،
بېدە، ئانار، زىغىر، ياڭاق، ماش، يۇمغاقسۈت، پىياز، سەۋزە، زىراگىزا قاتارلىق غەرپتىكى
ئاز سانلىق مىللەتلەرنى بىلدۈرۈدىغان خۇ (胡) خەتلىك كۆكتات، دانلىق، مېۋە، دورا
مەھسۇلاتلىرى غەرپ خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن باشلاپ ئۈزلۈكسىز ھالدا ئىچكى ئۆلكىلەرگە
ئېلىپ كېلىپ ئۇستۇرۇلگەن ۋە تىبابەتچىلىكتە كەڭ قوللىنىلغان.
1972 - يىلى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ خېشى كارىدورىدىكى ۋۇۋېيدىن تېپىلغان خەن
دەۋرىدىكى قەۋرىلەردىن 78 پارچە تارشىغا يېزىلغان تىبابەتچىلىك دەستۇرى چىققان.
بۇنىڭدا كېسەل بولۇش سەۋەپلىرى، كېسەللىك ئىسمى، بەلگىلەر ئالامەتلىرى، رېتسىپ،
مىقدارى، دورىنىڭ قانداق شەكىلدە ياسىلىدىغانلىقى قاتارلىقلار تەپسىلى خاتىرىلەنگەن ۋە
ئۇسۇملۇك، ھايۋانات، كان ماددىلىرى تەۋەسىگە كىرىدىغان 100 خىل دورىنىڭ تەپسىراتى
بار بولۇپ، بۇ، شەرقىي خەن دەۋرىدە بۇ جايدا تىبابەتچىلىكنىڭ يۇقىرى سەۋىيىگە
يەتكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. تەتقىق قىلىنغان ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئۇنىڭدا غەربىي رايوندىكى
ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىشلىتىدىغان دورىلار يېزىلغان، مەسىلەن، سېرىق مايىنى "توگە
سېرىق مېيى" دەپ يازغان.
«مەشھۇر تېۋىپلارنىڭ خالىس تەزكىرىلىرى» دېگەن كىتاپتا "سېرىق ماي" ھەققىدە
خاتىرە بار بولۇپ، بۇ كىتاپقا تاۋ خۇڭجىڭ ئىزاھات بەرگەن، ئۇ: "سېرىق ماي كالا،
قوي سۈتىدە ئىشلىنىدۇ" دېگەن. مىڭ دەۋرىگە كەلگەندە لى شىجېن يازغان «ئۇسۇملۇكلەر
قامۇسى» دېگەن كىتاپتا تېخىمۇ تەپسىلى خاتىرىلىنىپ: "سېرىق ماي قېتىقنىڭ قايمىقىدىن
ياسالغان"، "سىۋ كالىسى، قوتاز، قوي، ئات، توگە سۈتىدىمۇ ياسىغىلى بولىدۇ" دېيىلگەن.
"سېرىق ماي" دېگەن دورىنى بۈگۈنگىچە كۆندىلىك ئۇيغۇر تېۋىپلىرى قوللىنىدۇ. جۇڭ-
لىمدىن ئۇنى ئاجىزلاپ كەتكەن، چارچىغانلىقتىن بولغان كېسەللەرگە، ئۆپكىنى نەمدەپ،
ئۈچەيلەرنى سىلىقلاشتۇرۇشقا، سوڭەكلەرنىڭ قۇرۇلمىسىنى ئاجرىتىشقا ئىشلىتىدۇ. شۇنداقلا،
ئۇنى بەدەننى قۇۋۋەتلەندۈرۈشكە ئىشلىتىدىغان ئىسىل دورا، دەپ ھېساپلايدۇ. ۋۇۋېيدىن
تېپىلغان خەن دەۋرىدىكى تارشا دەستۇردە يەنە رۇڭ تۇزى، ئاق قوي قۇمۇلغى قاتار-
لىقلار بار. "رۇڭ" دېگەن خەت ئادەتتە غەربىي رايوندىكى مىللەتلەرنى ئاتاشقا قوللىنى-
لاتتى. ئاق قوي قۇمۇلغىمۇ چارۋىچى خەلقلەر قوللىنىدىغان يەككە دورىلىق رېتسىپ
ئىدى. «غىزايى دورىلار تۇتقىسى» دېگەن كىتاپتا خەن دەۋرىدە شىنجاڭدا قوللىنىلغان
شىپالىق ھايۋاناتلار ھەققىدە تەپسىلى تونۇشتۇرۇلغان. مەسىلەن، كالا، قوي، ئات، توگە،

بۇغا، ئېيىق، تىكە، جەرەن، يىلپىز، يولۋاس، توشقان، مارال قاتارلىق ھايۋاناتلارنىڭ تېرىسى، گۆشى، پەي - سۆڭەكلىرى، قېنى، ئىچى - قارنى دەل يەرلىك مىللەتلەر ھەرخىل كېسەللىكلەرنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان يەككە رېتسېپلار ئىدى، ياكى ئۇنى باشقا ھايۋانات، ئۇسۇملۇك دورىلىرى بىلەن قوشۇپ بىرىكمە دورا ياسايتتى. بۇ جەھەتتە قەدىمقى كروران ۋە لوپنۇر كۆلى رايونى قاتارلىق جايلاردىن تېپىلغان خەن دەۋرىدىكى تىبابەتچىلىك ھەققىدىكى تارشا دەستۇرلاردا خېلى كۆپ خاتىرىلەر بار.

«ئاقار قۇمدا ساقلىنىپ قالغان تارشا خەت - چەكلەر» دېگەن كىتاپتا لوپنۇر كۆلى رايونىدىكى خەن دەۋرى تېۋىپلىرى ۋە ئۇلارنىڭ رېتسېپلىرى خاتىرىلەنگەن. بۇ تارشا دەستۇرلاردا كۆپىنچە كالا، ئاتلارنى داۋالاش رېتسېپلىرى خاتىرىلەنگەن. مەسىلەن: ئات سۇ تايىپىدىن كېسەللەنگەننى داۋالاش رېتسېپىدا مۇنداق يېزىلغان: "زەنجىۋىل، دارچىن، ئاسارون، سابۇن تىكىنى، پارپىلارنىڭ ھەر قايسىسىدىن 3 فۇڭ، كەرمان 5 فۇڭ، دارچىن ساپىقىدىن 5 فۇڭ،...... بۇ تارشا كەمتۈك بولغانلىقى ئۈچۈن، قالغان دورا ئىسىملىرى بىزگە نامەلۇم. شىمالىي ۋېي دەۋرى (مىلادىنىڭ 420 - يىلى) دىنمۇ، دۇڭخۇاڭدىكى 296 - نومۇرلۇق بۇددا غارىدىكى «بايلىق تەڭرىسى نومى»نىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن سىزىلغان بىر يۈرۈش سۈرەتلەردە بىر قاڭشارلىق ھەم ئورىكوز، غوزلارچە كىيىنگەن كارۋان تېۋىپىنىڭ قوساق ئاغرىقى ئازاۋىنى تارتىۋاتقان يەنە بىر غوز كارۋىنىنىڭ كېسىلىنى داۋالاۋاتقان-لىقى جانلىق سۈرەتلەنگەن. ئۇنىڭ يېنىدىكى يەنە بىر سۈرەتتە چىراي - ۋەسلى ئۇنىڭغا ئوخشايدىغان بىر تېۋىپنىڭ كېسەل توگىگە نوكاچ مۈڭگۈز بىلەن دورا ئىچكۈزۈۋاتقانلىقى سۈرەتلەنگەن. تېۋىپ، بىمار، كارۋانلارنىڭ كىيىنىشى، ئەسۋاپلىرى، ئىتنىڭ تەركۆي جەھەتتىن پەرەز قىلغاندا، ئۇ، ئەينى زاماندىكى شىمالى ئوردا (جىمسار)، قوچۇ (تۇر-پان)دىكى كىيۇ جەمەت خانزادىلىرىنىڭ مەدەنىيىتىگە ناھايىتى ئوخشاپ كېتىدۇ. شۇنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇكى، غەربى رايوندىكى غوز كارۋانلار دەشتى - چۆل جەزىرىلەرنى كېزىپ، يىراق - يىراقلاردىن ئىچكى ئۆلكىلەرگە كېلىپ سودا - تىجارەت قىلىشتا مەلۇم ساقلىقنى ساقلاش تەدبىرلىرىگە ئىگە بولمىسا، ئۆزلىرىنى ھەر خىل كېسەللىكلەرنىڭ زىيانداشلىقىدىن ساقلاپ قېلىپ يىراق يول ئازاۋى ۋە مۈشكۈل توساقلاردىن ئۆتەلىشى قىيىن ئىدى.

شىنجاڭدىن تېپىلغان «كاروشتى يېزىقىدا يېزىلغان ۋەسىقىلەرنىڭ تەرجىمىسى» دە: "ئۇلارنىڭ ئانار، رويان، چىجىدۇ، پۇقو قاتارلىق نەرسىلەر(......)نى يوشۇرۇپ قېلىشىغا روخسەت قىلىنمايدۇ" دېيىلگەن. بۇ خاتىرىلەردىن ئانار، رويان قاتارلىق نەرسىلەرنى كۆزلىگەن مەنزىلگە تولۇق توشۇپ بېرىشنىڭ جىددى ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ. ئانار پوستى قۇرۇتلارنى ئۆلتۈرۈش، ئىچنى تۇتۇشتا ئۈنۈملۈك، دانچىلىرىنى يېيىشكە، گۈلىدىن ھوزۇرلىنىشقا بولىدۇ. رويان شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدىكى تۈزلەڭلىكلەردە كۆپ ئۆسىدۇ. ئۇنىڭ قاننى سوۋۇتۇش، قان توختىتىش، قاننى جانلاندۇرۇش، ئۇيۇپ قالغان قاننى تارقىتىش رولى بار، ئۇ، ئىچكى ئەزالار قاناش، ئاغرىتىپ ھەيز كېلىش، ھەيز كەلمەسلىك، مەرەز ئىششىپ ئاغرىش قاتارلىقلارنى داۋالاشتا رولى ناھايىتى ياخشى ئىدى. بۇنىڭدىن قارىغاندا، تارىم ئويمانلىقىدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئەينى زاماندىلا ئانار، رويان قاتارلىقلارنىڭ شىپالىق رولىنى چۈشەنگەن ۋە كەڭ تۈردە قوللانغان. بۇ-

ئۇندىن باشقا، تارىم ئويمانلىغىدىكى قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدا بولغان جەڭلەردە ئاتتىن يىقىلىپ سوڭەك سۇنۇش، قانسىراش قاتارلىق تاشقى بەدەن زەخىملىنىش ھادىسىلىرى رويانىڭ قان توختىتىش، ئىششىقنى ياندۇرۇش جەھەتتىكى شىپالىق قىممىتىنى يۇقۇرى كوتەرگەن. بولۇپمۇ شىنجاڭدا قۇللۇق جەمئىيەتتىن فېودالىق جەمئىيەتكە قەدەم قويغان مەزگىللەردە دېخانچىلىق، سانائەت - سودا ئىشلىرىنىڭ تېز سۈرئەت بىلەن راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ تېبابەتچىلىك - دورىگەرلىك ئىشلىرىمۇ تەدرىجى ھالدا مۇكەممەللىشىشكە يۈزلەنگەن، سوڭەكنىڭ زەخىملىنىشىنى داۋالاشمۇ تەجرىبىلەرنىڭ توپلىنىشى ئارقىسىدا تەدرىجى شەكىللەنگەن.

شىنجاڭدا يورۇڭقاش (سۈزۈك قاشتېشى)، گۈڭگۈرت، نۈشۈدۈر، زەمچى، مەرگىمۇش، تاش يېلىمى، گەج، تۇز قاتارلىق مەدەن دورىلارنى مىلادىيىدىن ئىلگىرى 1 - ئەسىردىلا پىششىقلاپ ئىشلەيتتى. خوتەننىڭ قاراڭغۇ تاغ، قارغىلىقنىڭ مىدەي تېغى، كۇچارنىڭ قىزىلتاغ، ئاچالنىڭ قىزىل جىلغا، يەنجى، چارقىلىق، لوپنۇر، تۇرپان، يەنخۇ، ئۇنام كولى قاتارلىق جايلاردا ئۇنىڭ ئىزلىرى بار. شىنجاڭدىن چىقىدىغان بۇنداق ئالاھىدە مەھسۇلات — مەدەن دورىلىرى ئۇرۇشقاق پادىشالىقلار دەۋرىدىلا غەربى رايوندىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر كەڭ تۇردە ئىشلەتكەن. شۇنداقلا يىپەك يولى سودىسى ئارقىلىق يىراقتىكى ئەللەرگە تونۇشتۇرۇلغان. بولۇپمۇ جىمساردىن چىقىدىغان نۈشۈدۈر ناھايىتى مەشھۇر ئىدى، بۇ ھەقتە سۇڭ دەۋرىدە ۋاڭ يەندىنىڭ جىمسارغا ئەلچى بولۇپ بارغانلىقى توغرىسىدىكى تەپسىلاتلاردا خاتىرىلەر بار.

4. غەربى رايوندا ھاراق چىقىرىش ۋە دورىلارنىڭ تەرەققى قىلدۇرۇلۇشى

ئېلىمىزدە ھاراق ناھايىتى بۇرۇن چىقىرىلىشقا باشلىغان، ئېھتىمال كىشىلەر تەبىي مېۋىلەرنى تېرىپ ئىستىمال قىلىدىغان دەۋرلەردىلا ئۇنىڭ ئېچىتقۇلۇق رولىنى چۈشەنگەن بولۇشى مۇمكىن. ئىپتىدائى جەمئىيەتنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە دېخانچىلىقنىڭ تەرەققى قىلىشىغا ئەگىشىپ، دانلىق زىرائەتلەردە ھاراق چىقىرىش بارلىققا كەلگەن بولۇشى ئېھتىمالغا تېخىمۇ يېقىن. «ئۇرۇشقاق پادىشالىقلارنىڭ تەدبىرلىرى» دېگەن كىتاپتا: "يىدى ھاراق ياسىغان" دېگەن خاتىرە بار. "گۈڭشەن مەدەنىيىتى" ئىزلىرىدىمۇ ساپال ھاراق قاچىلىرى تېپىلغان. شاڭ دەۋرىگە كەلگەندە ھاراق ئىچىش بىرخىل كەيپىياتقا ئايلانغان ۋە كەڭ كولەملىك ھاراق ئىشلەش ئىگىلىگى بارلىققا كەلگەن. كىشىلەرنىڭ دورىگەرلىك بىلىمىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، دورىلاردىن پايدىلىنىش تەجرىبىلىرى ۋە دورا تۈرلىرىمۇ تەدرىجى كوپەيگەن. شۇنىڭ بىلەن ئادەتتىكى ھاراق بىلەن كېسەل داۋالاش تەرەققى قىلىپ دورا ھاراق ياساشقا ئاساس يارىتىلغان. كېيىنكى دەۋرلەردە ھەتتا "ھاراق ھەممە دورىنىڭ موتىۋەرى" دېگەن سوزلەرمۇ بولغان. خەنزۇچە "تىۋىپ" دېگەن خەتنىڭ قۇرۇلمىسىدا "ھاراق" دېگەن خەتنىڭ قۇرۇلمىلىرى بار، دېمەك تېبابەتچىلىك ھاراق بىلەن داۋالاشتىن باشلانغان.

غەربى رايوندا ھاراق چىقىرىش قول سانائەتنىڭ تەرەققى قىلىشىمۇ "شەھەر دۆلەتلىرى"دە دېخانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئەۋج ئالغاندىن كېيىن بارلىققا كەلگەن. ئەينى زاماندا بۇ رايوندا ئۈزۈم مەھسۇلاتلىرى ناھايىتى مەشھۇر ئىدى. سىماچيەن يازغان «سالنامە، پەرغانە تەزكىرىسى»دە: "پەرغانىنىڭ ئەتراپىدا ئۈزۈمدە ھاراق چىقىرىلىدۇ، بايلار تۈمەنلىگەن كۈپلەردە ھاراق ساقلايدۇ، 10 يىلغىچە بۇزۇلمايدۇ" دېيىلگەن.

شىنجاڭدىن تېپىلغان كارۋىتى يېزىغىدا يېزىلغان ۋەسىقىلەردە ئۈزۈم ھارىقىنىڭ باشقا جايلارغا توشۇلۇش ۋە سودىسى ھەققىدە خاتىرىلەر كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، بىر ماتېرىيالدا: "پادىشا ئالىلىرى.... ھاراق چىقىرىش چەرچەندە ئەۋج ئالدى. ھوزۇرلىرىدا بۇ 15 پارچە يارلىق بىلەن 5 توگە ھاراقنى تاپشۇرۇپ ئالغاندا كالوجىيەگە ئۇتقۇزغايلا. ھەر بىر توگىگە 1 مىللى ما 1 شى ئارتىلدى. چەرچەندە ئۇلچەشكە بولىدۇ. ھاراقلا.... بىلەن بىللە شۇ جايدىن يوتكەلگەي. 4 - ئاينىڭ 5 - كۈنى چوقۇم چەرچەنگە يەتكۈزۈلگەي" دېيىلگەن.

مىلادىنىڭ 2 - ئەسىرىدە، غەربىي رايوندا ھاراق چىقىرىش تېز سۈرئەت بىلەن راۋاجلاندۇرۇلغان. مەسىلەن: قەدىمقى كۇچار شەھرىدە ھەممە ئائىلىدە ئىدىش - ئىدىشلاردا كومۇپ قويۇلغان ھاراق تۇراتتى. «تەيپىڭ گۇاڭجى» دىگەن كىتاپتا: "قوجو (تۇرپان)دا بىرخىل توڭلىتىلغان ھاراق چىقىرىلىدۇ" دېيىلگەن، بۇ، ئىچكى ئۆلكىلەردە ئىنتايىن مەشھۇر سانىلاتتى. ھاراق ئىشلەپچىقىرىشنىڭ كەڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، پەقەت ئۈزۈم ھارىقىدىنلا پايدىلىنىپ كېسەل داۋالاش تەرەققى تېپىپ، تەدرىجى ھالدا دورا ھاراق ئىشلەپچىقىرىلىدىغان بولغان. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە قوجو قەلئەسى يىمىرىلگەندىن كېيىن، ھاراق چىقىرىش تېخنىكىسى ئۆگىنىۋېلىنغان.

«سېفۇيۇەنگۇي» دىگەن كىتاپتا: "قوجو قەلئەسى يىمىرىلگەندىن كېيىن بىجاقى ئۈزۈم كوچىتى كوچۈرۈپ كېلىنىپ خان باغلىرىدا ئوستۇرۇلگەن ۋە ھاراق چىقىرىش ئۇسۇلى ئۆگىنىلگەن. خان ئۆزىگە مەنپەئەتلىك بولسۇن ئۈچۈن، 8 خىل ھاراق چىقارغۇزغان، تەملىرى ئاز - تولا ئۆزگەرتىلگەن بولسىمۇ، پۇراقلىرى تېخىمۇ خۇشبۇي بولغان. ئۇنىڭ تەمىنى سەردارلار تېتىپ كورگەن، ۋەزىر - ۋۇزورالار مەدھىيىلەر توقۇغان" دېيىلگەن. شۇنزۇڭ خان زامانىسىدا غەربىي رايوندا چىقىرىلغان ئەژدىھار سوڭىگى چىلانغان ھاراق بار ئىدى. «سۇڭپ دۇياڭ زاپىيەن» دىگەن كىتاپتا شۇەنزۇڭ خان زامانىسىدا چۇشى يېچى دىگەن كىشىنىڭ ئوردىغا تەكلىپ قىلىپ كېلىنگەنلىكى، ئەژدىھار سوڭىگى چىلانغان ھاراق ئىچىلگەنلىكى، ئۇنىڭ رەڭگى قاپ - قارا بولىدىغانلىقى، ئىچىلگەندىن كېيىن كىشى شات - خورام قىلغانلىقى تەسۋىرلەنگەن، شىنجاڭدا ئىپلىپ بېرىلغان دورا ئۇسۇملۇكلەرنى تەكشۇرۇش ئەھۋالى، بىزگە غەربىي رايوندا قېدىمدىن تارتىپلا ئەژدىھارنىڭ تاشقا ئايلانغان سوڭىگى بارلىقى، ئۇنىڭدا كوپ مىقداردا كالتسىي كاربۇنات، كالتسىي فوسفورت ۋە ئاز مىقداردا تومۇر، ئالىيۇمىن، ماگنىي قاتارلىق نىئانئورگانىك تۇز بولۇپ، ئۇنى ھاراققا چىلىغاندىن كېيىن قاپ - قارا بولۇپ كېتىدىغانلىقى، ئۇنىڭ يەلنى ھەيدەش، سوغۇقتىن ساقلىنىش، نېرۋىلارنى ئارام ئالدۇرۇش، چوچۇشنى بېسىش رولى بارلىقى، ئىچىلگەندىن كېيىن كىشىنى شات - خورام قىلىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى. جۇملىدىن غەربىي رايوندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى ۋە باشقا مىللەتلەر ھاراق چىقىرىشنى تەرەققى قىلدۇرۇش يولى بىلەن تەدرىجى ھالدا دورا ھاراق چىقىرىشقا كوچۇش جەھەتتە ئالدىنقى ئۆلگە ياراتقان.

5. داۋالاش سايمانلىرىنىڭ ئىسلاھ قىلىنىشى ۋە قوللىنىلىشى

ئىنسانىيەت مايمۇنسىمان ئادەمدىن تەرەققى قىلىپ ھازىرقى زامان ئادىمى بولغانغا قەدەر، نەچچە يۈز مىڭ يىللىق ۋاقىتنى باشتىن كەچۈردى. بۇ، ئارخىلوگىيىدە كونا تاشقورال دەۋرى دەپ ئاتىلىدۇ. ئېلىمىزدە مايمۇنسىمان ئادەمدىن باشقا، كونا تاشقورال دەۋرىگە مەنسۇپ بولغان

قەدىمقى ئادەم، يېڭى ئادەم ۋە ئادەملەرنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن ئىسكىلىتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت ئىزلىرى خېلى كوپ ئۇچرىتىلدى. لېكىن شىنجاڭدا ھازىرغا قەدەر كونا تاشقورال دەۋرىدىكى ئادەملەرنىڭ ئىسكىلىت پارچىلىرى ۋە مەدەنىيەت ئىزلىرى تېخى تېپىلمىدى.

ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىشلەپچىقىرىش كۈرەشى ئارقىلىق ئىنسانىيەتنىڭ ئەمگەك قابىلىيىتى تەدرىجى ئوسۇپ، سايمانلارنى ياساش تېخنىكىسىمۇ تەدرىجى ئالغا بېسىپ تۇردى. تەخمىنەن بۇنىڭدىن 6 - 7 مىڭ يىل بۇرۇن، مەملىكىتىمىز يېڭى تاشقورال دەۋرىگە قەدەم قويغان ئىدى. شىنجاڭدا تېپىلغان يېڭى تاشقورال دەۋرىگە كىرىدىغان، دەۋرى بىر قەدەر بۇرۇن بولغان مەدەنىيەتلەر بولسا، نازۇك تاشقوراللاردىن ئىبارەت مەدەنىيەت ئالاھىدىلىگى بار شەكىلگە كىرىدۇ.

ئەينى زاماندا، كىشىلەر ئاساسەن، تاش ئوقيا ئۇچى، تاش قىڭراق، تاش نەيزە، ئۇچلۇق چوقۇغۇچى ۋە قىرغۇچى سايمان قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنى قوللىناتتى، ئۇلار تاشقورال ياساشتا ئاساسەن قىلىنت تاشلاردىن پايدىلىناتتى. تۇرمۇش سايمانلىرى جەھەتتە قولدا تۇگۇپ ياسالغان، قوپال، شەكلى ئاددى، سىرتىغا ھەرە چىشى شەكىللىك، توچكا شەكىللىك ياكى توز سىزىقچا سىزىلغان كوزا، غېدىر، تاۋاق قاتارلىق تاماق ئېتىشكە ئىشلىتىلىدىغان ساپال قاچىلارنى ئىشلىتەتتى، لېكىن سانى ئاز ئىدى.

تەخمىنەن بۇنىڭدىن مىڭ يىللار بۇرۇن شىنجاڭنىڭ ئىگىلىگىدە كوزگە كورۇنەرلىك ئوزگىرىش پەيدا بولغان. مەدەنىيەت ئىزلىرىدىن قارىغاندا، ئەينى زاماندا شىمالىي شىنجاڭدىكى رايونلاردا چارۋىچىلىق ئاساس قىلىناتتى، ئوۋچىلىق قوشۇمچە قىلىناتتى؛ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ خېلى كوپ جايلىرىدا دىخانچىلىق ئاساس، چارۋىچىلىق قوشۇمچە قىلىنىشقا باشلىغان ئىدى. دەريا ۋە كوللىرى كوپ، ئوت - سۇيى مول رايونلاردا دىخانچىلىقتىن باشقا بېلىقچىلىقمۇ مۇھىم ئورۇننى ئىگەللەيتتى. بۇ دەۋرلەردىن باشلاپ تاش پالتا، تاش چوت، تاش ئوتۇغۇچ قاتارلىق سىلىقلانغان تاش قوراللارنى ئىشلىتىشكە باشلىغان ئىدى. ئاز ساندىكى تاش قوراللارغا توشۇك تېشىلگەن بولۇپ، بۇ، ساپاق ئورنىتىش ئۇچۇن ئىكەنلىكىدە شەك يوق، بۇ جەھەتتە «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» دېگەن كىتاپتا تەپسىلى خاتىرىلەنگەن.

قەدىمى تاشقورال دەۋرىدىكى شىنجاڭدا داۋالاش سايمانلىرى تولىمۇ ئاددى ئىدى. خوتەن، تۇرپان (يارغول) لاردىكى قەدىمقى شەھەر خارابىلىرىدىن بىر نەچچە تۇرلۇك دورا سوقۇشقا ئىشلىتىلىدىغان تاش قوراللار ۋە تاش تاۋاقلار تېپىلغان. بۇنداق تاش قوراللار يۇمۇلاق شەكىلدە ئوتتۇرىسى ئويمان قىلىپ ياسالغان بولۇپ، سىرتى سۇنئى ئۇسۇلدا سىلىقلانغان، دورا ئېزىدىغان تاشنىڭ ئۇستۇنكى قىسمى ئوتتۇشقا ئەپلىك بولسۇن ئۇچۇن، 4 قىرلىق ياكى ئىككى قىرلىق قىلىپ ياسالغان.

شىنجاڭنىڭ فېئودالىق جەمىيەتكە قەدەم قويغان دەۋرلەردە، شىنجاڭنىڭ قاش تېشى مەھسۇلاتى ئىچكى ئولكىلەرگە ئاللىقاچان تونۇلۇپ بولغان ئىدى. قەدىمقى كىتاپلاردا شى ۋاڭمۇنىڭ ئىچكى ئولكىلەردىكى خان - پادىشالارغا قاش تېشى بۇيۇملىرىنى سوغا قىلىشى ھەققىدىكى خاتىرىلەر كوپ ئۇچرايدۇ. ئۇرۇشقاق پادىشالىقلار دەۋرىدە يېزىلغان «كىڭزى» دېگەن كىتاپتا خېلى كوپ سەھىپىلەر سەرپ قىلىنىپ، قەدىمقى خان - پادىشالارنىڭ "يۇي جەمەتىنىڭ قاشتېشى بۇيۇملىرىنى ئەتىۋالاپ ئىشلىتىدىغانلىقى" ۋە كوئېنلۇن

تېغىنىڭ "كوزنى قاماشتۇرۇدىغان سۈزۈك - نۇرلۇق" ئىكەنلىكى تەسۋىرلەنگەن. جۇملىدىن بۇنداق قاش تېشى بۇيۇملارنىڭ يىراق يۇرتلاردىن يوتكەپ كېلىنىشى ھېچقاچان ئاسانغا چۈشمىگەن، بەلكى نۇرغۇن جاپا - مۇشەققەت ئارقىلىق كەلتۈرۈلگەن. يۈيمىنگۈەن دىگەن ئىسىم قاش تېشى قاملى دىگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، بۇ جاينىڭ بۇنداق ئاتىلىشىمۇ شىنجاڭنىڭ قاشتېشى شۇ قامال ئارقىلىق ئىچكى ئۆلكىلەرگە كىرگۈزۈلىدىغانلىغى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك. بۇ ئىسىم جاڭ چيەن غەرپكە ئەلچى بولۇپ بېرىشتىن بۇرۇنلا بار ئىدى. قاش تېشى بۇيۇملىرىنىڭ كوپلەپ ئىشلەپچىقىرىلىشى ئارقىلىق تاشتىن ياسالغان دورا سوقۇقۇچ ۋە تاش تاۋاق قاتارلىق سايمانلار تىبابەتچىلىكتە قاش تېشى بۇيۇملىرىغا ئورۇن بوشاتتى. قەدىمدە خوتەندە ياسالغان قاش تېشى ياغۇنچاق قاتارلىق بۇيۇملار ھەجمى كىچىك، ئەپلىك ۋە كوركەم ئىدى. بۇنىڭ شەكلى شەنشى ئۆلكىسى شەنياڭ جۇگيى ئىنستىتۇتى تىبابەتچىلىك تارىخى كورگەزمىسىدە قويۇلغان خەن دەۋرىدىكى دورا ئېزىدىغان تاش ياغۇنچاققا ئوخشايدۇ. بۇنداق ياخشى ئىشلەنگەن قاش تېشى ياغۇنچاقلار ئېھتىمال بەش ئەزا كېسەللىكلىرى ئۈچۈن ياكى قىممەتلىك دورىلارنى پىششىقلاپ ئىشلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن بولۇشى مۇمكىن.

سۈپۈپ دورىلار قېدىمدا شىنجاڭنىڭ دىخانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ياشىغۇچىلار ياكى ئوۋچىلار ئۈچۈن ئوز يېنىدا كوتۈرۈپ يۈرۈشكە ئەپلىك ئىدى. بۇنداق شەكىلدە ئىشلەنگەن دورىلارنى ھازىرمۇ ئۇيغۇر تېۋىپلىرى كوپ قوللىنىدۇ.

شىنجاڭدا يەنە تومۇر قورال دەۋرىدىكى ئاددى ۋە قوپال ياسالغان موچۇن، ئامبۇر، ئۇزۇن ساپلىق پىچاق (ھازىرقى ئوپېراتسىيە پىچىغى شەكلىدە)لار تېپىلدى. بۇ، خەن دەۋرىنىڭ شىنجاڭدىكى تومۇر سايمان ئىشلەپچىقىرىش سانائىتى دەۋرىگە تەئەللۇق بولغان تاشقى كېسەللىك سايمانلىرى، دەپ قارالماقتا. يەنە جەسادىن سوڭەك يىڭنىمۇ تېپىلغان.

شىنجاڭدا ھاۋا ئىسسىق، قۇرغاق، بوران كوپ چىقىدۇ. قەدىمدە ئاز سانلىق مىللەتلەر كوزنى ئاسراش ۋە كوز كېسەللىگىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئوزلىرى پاختا يىپتىن تورسىمان چۈمپەردە ياسىغان. بۇ، ئۇلارنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك بورانغا قارشى كۈرەشلەردە، ئوزىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىگە تايىنىپ كوزنى ئاسراش ۋە ساقلىقىنى ساقلاش تەدبىرلىرىنى قوللانغانلىغىنى بىلدۈرىدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، شىنجاڭدا قۇللۇق جەمىيەتتە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئىپتىدائىي جەمىيەتتىكىگە قارىغاندا كوزگە كورۈنەرلىك دەرىجىدە ئوسكەن، ئىلىم - پەن ئىشلىرىدىمۇ يېڭى تەرەققىياتلار بارلىققا كەلگەن، تىبابەتچىلىك جەھەتتىمۇ ناھايىتى زور ئىلگىرىلەش بولغان. دورىگەرلىك جەھەتتە ھاراق ۋە سۈپۈپ دورىلار قوللىنىلغان، داۋالاش، تېخنىكا جەھەتلىرىدىمۇ نۇرغۇن تەجرىبىلەر توپلانغان ۋە دەسلەپكى قەدەمدە ئەقلى بىلىملەرگە ئىگە بولغان. داۋالاش سايمانلىرى جەھەتتە تەدرىجى ھالدا ئىلگىرىلەش ۋە يۈكسىلىش بارلىققا كەلگەن. ئەينى زاماندا، كىشىلەر تاشتىن پايدىلىنىش ئاساسىدا مېتالدىن ياسالغان پىچاق، يىڭنىلەرنى ئىشلىتىدىغان بولغان ۋە كېيىنكى تاشقى كېسەللىكلەر ئوپېراتسىيىسى ئۈچۈن پايدىلىق شارائىتلارنى ھازىرلىغان.

(1 - قىسمى، داۋامى بار)

قۇربان ۋەلى تەرجىمىسى

# جۇڭيى تىبابەتچىلىك ـ دورىگەرلىك ئىلمى جەھەتتىن شىنجاڭ رايونىنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ ئىچكى جايلىرى بىلەن بولغان زىچ مۇناسىۋىتىگە بىر نەزەر

دەي يىڭشىڭ

جۇڭيى تىبابەتچىلىك ـ دورىگەرلىك ئىلمى ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقلىرىنىڭ ئەمگەك ۋە ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى. قەدىمقى زامانلاردىن تارتىپ شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ياشىغان ئۇيغۇر مىللىتى ۋە باشقا ھەرقايسى مىللەت ئەمگەكچى خەلقلىرى ۋەتىنىمىز تىبابەتچىلىك ـ دورىگەرلىك ئىلمىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۇلۇغ تۆھپىلەرنى قوشقان.

ئېلىمىزنىڭ ئەڭ قەدىمقى بىر كلاسسىك تىببى كىتاۋى بولغان «خۇاڭدى نېيجىڭ① سۇۋېن» (تۆۋەندە قىسقارتىپ "نېيجىڭ" دەپ ئاتىلىدۇ) نىڭ "غەيرى ئۇسۇل ۋە رېتسېپلار بىلەن داۋالاشنىڭ پايدىسى ھەققىدە" دىگەن قىسمىدا ئېلىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىنىڭ تەبىي مۇھىتى ۋە كېسەل داۋالاش تەجرىبىلىرى بايان قىلىنغان. ئۇنىڭدا "غەرپ ـ ئالتۇن، قاش تېشى ماكانى، تاشلىق ـ قۇملۇق جاي بولۇپ، ئۇيۇقتا ئورۇنلاشقان. ئۇ يەرنىڭ خەلقلىرى تاغلاردا ئولتۇراقلاشقان، شامال كوپ، زىمىنى قاتتىق. ئۇ يەردىكى خەلقلەرنىڭ كىيىم ـ كېچىگى ئاددى ۋە يېپىنچاقلاپ يۈرىدۇ، ئۇلارنىڭ تامىقى ياخشى ۋە مايلىق، شۇڭا ئىللەتلەر ئۇلارنىڭ تېنىنى زەھەرلىيەلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ كېسىلى ئىچكى جەھەتتىن پەيدا بولۇپ، داۋالاشتا زەھەرلىك دورىلارنى ئىشلىتىدۇ. شۇ سەۋەپتىن زەھەرلىك دورىلارمۇ غەرپتىن كېلىدۇ" دىيىلگەن. مەيلى ئاتموسفېرا، يەر تۈزۈلۈشى، مەھسۇلات ۋە خەلقلەرنىڭ تۇرمۇش ئۆرپ ـ ئادەتلىرى جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا بولسۇن، نەقىل كەلتۈرۈلگەن سوزلەردە تەسۋىرلەنگەن "غەرپ تەرەپ" دەل ئېلىمىزنىڭ غەربىي شىمال رايونى بولۇپ، ئاساسلىغى شىنجاڭ دائىرىسىنى كورسىتىدۇ. "زەھەرلىك دورا" دىگىنى قوشۇمچە تەسىرى زورراق، قۇۋۋىتى كۈچلۈك دورىلاردىن ئىبارەت. «خې گۇەنزى» كىتاۋىدا: "مەسىلەن، بيەنجى② نىڭ قان تومۇرغا يىڭنە سانجىش، زەھەرلىك دورا ئىشلىتىش، تېرىنى قىرىپ داۋالاش ئۇسۇللىرى ھەممە پادىشالارغا مەشھۇر بولغان" دىيىلگەن. «لى جەن، شۇشەنشۈن» دە "شۇڭا تىۋىپلار، زەھەرلىك دورىلار بىلەن كېسەللىكلەرنى داۋالايدۇ" دىيىلگەن. غەربىي شىمالنىڭ يېرى قاتتىق، ھەرقايسى مىللەت خەلقى چارۋىچىلىق

① خۇاڭدى نېيجىڭ سۇۋېن كىتاۋى مىلادىدىن 770 - 221 يىللار ئىلگىرى بىرقانچە ئالىملار ئۆزلىرىدىن بۇرۇنقى تىۋىپلارنىڭ تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ يېزىپ چىققان كىتاپ، بۈگۈنكى كۈندىن تەخمىنەن 2500 يىل ئىلگىرى يېزىلغان ــ ت.

② بيەنجى ــ مىلادىدىن 5 ئەسىر ئىلگىرى ئۆتكەن مەشھۇر جۇڭيى تىۋىپ ــ ت.

بىلەن شۇغۇللىنىپ گوش بىلەن ئوزۇقلانغاچقا، بەدىنى كۈچلۈك بولۇپ، كېسەل داۋالاش ئۈچۈن تولاراق كۈچلۈك دورىلار ئىشلىتىلىدۇ.

«ئىپچىلىك» كىتاۋى جەنگو چىن — خەن سۇلالىلىرى دەۋرىدە يېزىلغان بولۇپ، خەن ۋۇدىدىن ئىلگىرىلا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقلىرى خەنزۇلار ۋە يىراق چېگرا جايلاردىكى باشقا مىللەت خەلقلىرى بىلەن بىرلىكتە ۋەتىنىمىزنىڭ تىبابەتچىلىك - دورىگەرلىك ئىلمىنى يارىتىش سېپىگە قاتناشقانلىقىنى كورۇۋالغىلى بولىدۇ.

مەملىكىتىمىزدە قەدىمقى زاماندا شىنجاڭنى ۋە ئۇنىڭ غەربىي تەرەپلىرىنى غەربىي رىمىن دەپ ئاتىغان. ئۇيغۇر مىللىتىنى تارىختا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، يۈەنگې (袁纥) ۋېيگې (韦纥)، خۇيگې (回纥)، خۇيخۇ (回鹘)، ۋېيۋۇئېر (畏兀儿) دېگەن نامىلار بىلەن ئاتالغان.

خەن دەۋرىدە، ئىچكىرى بىلەن غەربىي رىمىننىڭ سودا ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئىشلىرى ئۈزلۈكسىز راۋاجلانغان. مىلادىدىن 139 يىل ئىلگىرى ۋۇدى خان جاڭ چەن باشلىق يۈزدىن ئارتۇق كىشىنى غەرپتىكى ھەرقايسى جايلارغا ئەۋەتكەن بولۇپ، قايتقاندا "ئۇ جايلارنىڭ يەر تۈزۈلۈشى، باشقا ئەھۋاللىرىنى پادىشاغا ئېيتىپ بېرىدۇ" ئۇنىڭدىن كېيىن غەرپكە ئەۋەتىلگەن ئەلچىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدۇ، غەربىي رىمىنغا ماڭغان جەڭچى - ئەمەلدارلار ئۈزلۈكسىز يولدا يولۇقۇپ تۇرىدۇ. خەنزۇلارنىڭ ئىلغار تىببى - دورا بىلىملىرى، ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىلىرى، ماددى مەدەنىيەتلىرى ئەنە شۇ تۇركۇم - تۇركۇم كىشىلەر ۋە سودا ئارقىلىق غەربىي رىمىنغا ئېقىپ كىرگەن. مەسىلەن، ئىچكىرىنىڭ پولات ئېرىتىش، قۇدۇق كولاش ۋە كارىز كولاش تېخنىكىلىرى تارقىلىپ، غەربىي رىمىننىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپلا قالماي، بەلكى ئەسلىدىكى ئېرىق - ئوستەڭ سۇلىرى ئىچىشنى پاك - پاكىزە قۇدۇق سۈيى ئىچىشكە ئۆزگەرتىپ، كېسەللىكلەردىن ساقلىنىپ، سالامەتلىكنى ساقلاش ئۈچۈنمۇ ناھايىتى زو ئەھمىيەتلىك رول ئوينىغان. يەنە خەنزۇلار رايونىدىن پىلە بېقىش تېخنىكىسى قوبۇل قىلىنىپ، شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ كىيىم - كېچەك ئەھۋالىمۇ زور دەرىجىدە ياخشىلانغان، شۇنىڭ بىلەن بىللە، پىلە بېقىش ئىشلىرىدىن مۇھىم دورا ئەشيالىرى، ئاغرىپ ئۆلگەن پىلە قۇرۇتى ۋە پىلە ئاياقلىرىمۇ قولغا كەلگەن. شۇ چاغلاردا، ئېلىمىزنىڭ داڭلىق ئالاھىدە مەھسۇلاتى يىپەك غەربىي رىمىن ئارقىلىق غەربىي ئاسىيا ۋە ياۋروپاغا قەدەر ئاپىرىپ سېتىلغان. شۇڭا بۇ سودا يولى «يىپەك يولى» دېگەن شەرەپلىك نامنى ئالغان.

ئىچكىرى بىلەن شىنجاڭنىڭ تىببى - دورا تېخنىكىلىرىنى ئالماشتۇرۇش ھەققىدىكى تارىخىي پاكىتلار كىتاپلاردا يېزىلىش بىلەن چەكلىنىپلا قالماي، بەلكى ئارخولوگىيە تەرىپىدىنمۇ ئىسپاتلاندى. دۇڭخۇاڭ، جۇيەن قاتارلىق جايلاردىن تېپىلغان ئارخولوگىيىلىك قېزىلمىلار ئىچىدىن ئىككى خەن دەۋرىگە مەنسۇپ تىببى دورا ھەققىدىكى بامبۇك تاختا ئۈيمىلىرى قولغا كەلدى. 1972 - يىلى ئۇۋېيدىكى خەن قەۋرىستانىدىن كولۇۋېلىنغان 78 پارچە تىببى دورا ھەققىدىكى بامبۇك تاختىسىدا كېسەللىك سەۋەۋى، كېسەللىك نامى، كېسەللىك قانۇنىيىتى، كېسەللىك ئالامىتى، دورا نۇسخىلىرى، مىقدارى، ياسالما شەكىللىرى تەپسىلى يېزىلغان؛ ئىشلىتىلگەن ئوسۇملۇك، ھايۋانات، مەدەن تۈرىدىكى دورا ئەشيالىرى جەمى 100 خىل بولۇپ، شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا شۇ جايلاردىكى

يۇقۇرى دەرىجىلىك تىببى سەۋىيەنى ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرىدۇ. خەنزۇ مىللىتىنىڭ مۇشىرىد-
داق دول ئۇنۇمدار تىببى بىلىملىرى، شۇ جايلاردا جىم تۇرۇپ قالماي، مۇقەررەر ھالدا
ئۇلارغا خوشنا بولغان غەربىي زېمىنغا تارقىلىپ ياكى تەسىر كۆرسىتىپ، غەربىي زېمىندى-
كى ھەر مىللەت خەلقلىرىنىڭ تىببى داۋالاش، ساقلىقنى ساقلاش ئىشلىرى ئۈچۈن خىزمەت
قىلغانلىقىنى پەرەز قىلىش تەس ئەمەس.

غەربىي زېمىندىكى ھەر مىللەت خەلقلىرىمۇ ۋەتەن تىبابەتچىلىك ئىلمىنىڭ دورا ئەشيالىرى
مەنبەسىنى كېڭەيتىش ۋە ماددى تۇرمۇشنى بېيىتىش جەھەتتىن ئۆزلىرىنىڭ ئاجايىپ زور
تۆھپىلىرىنى قوشقان. ئەسلىدە غەربىي زېمىندىن چىققىدىغان ئۈزۈم، بىدە، ئانار، زىغىر، ياڭاق،
پۇرچاق، يۇمغاقسۈت، پىياز، سەۋزە، زاراڭزا چېچىكى قاتارلىق پۇرچاق، مېۋە جىنسىدىكى
دورىلار غەربىي خەن دەۋرىدىن باشلاپلا ئۆزلۈكسىز ھالدا ئىچكىرىگە ئېلىپ بېرىلىپ تېرى-
لىشقا باشلاپ، دورا سۈپىتىدە داۋالاش ئىشىدا كەڭ ئىشلىتىلگەن. مەسىلەن، ئانار پوس-
تىنىڭ قۇرۇت (مەددە) ئۆلتۈرۈش، ئىچنى قاتۇرۇش ئۈنۈمى بار، ئانار دانىلىرىنى يېگىلى
بولىدۇ، ئانار گۈلى زۇۋلاندۇرغۇچى خۇسۇسىيەتكە ئىگە. زىغىر "تاتلىق نەرسىلەرنى تېخىمۇ
خۇش پۇراق قىلىدۇ، سېسىق نەرسىلەرنىڭ سېسىق پۇرىغىنى يوقىتىدۇ، ياغ چىقارسا تەبىئىتى
سوغاق بولۇپ، زەھەرلەرنى يوقىتىدۇ" دەپ تونۇلغان. «شېننۇڭبېن - ساۋجىڭ» كىتاۋىنىڭ ئالى
دورىلار قىسمىدا ئۈزۈم بىلەن زىغىرنىڭ دورىغا ئىشلىتىلىش قىممىتىنى سۆزلىگەندە: "ئۈزۈم،
تەمى تاتلىق، موتىدىل، پەي، سۆڭەك مۇپاسىلىنى داۋالايدۇ، قۇۋۋەت بېرىدۇ، ماغدۇرلان-
دۇرىدۇ، ئىرادىنى كۈچەيتىدۇ، كىشىنى سەمرىتىدۇ، ئاچلىق، سوغاققا بەرداشلىق قىلىدۇ...
ھاراق ئىشلەپچىقىرىش مۇمكىن". "زىغىر — تەمى تاتلىق، موتىدىل، ئىچكى ئەزادىكى زە-
خىم - كۈچسىزلىك ئېشىپ كېتىشلارنى داۋالايدۇ. بەش ئەزانى تولدۇرىدۇ، ماغدۇرلاندۇرىدۇ،
گۆشلەرنى ئۆستۈرىدۇ، مېڭىنى تولدۇرىدۇ" دېيىلگەن.

كېيىنكى ئالىملارنىڭ بىنساۋلىرى (دورا ئۇسۇملۇكلىرى ھەققىدىكى كىتاپلار — ت) دا
ئارقا - ئارقىدىن زاراڭزا چېچىكى، پىياز، يۇمغاقسۈتلەر دورىلار قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن.
«جاڭچەن غەرپكە بارىدىغان بولسا، ياخشى ئۇرۇقلار غەرپتىن كەلمىگەن بولاتتى» (شۈيجىڭ
يېڭى دورا ئۇسۇملۇكلىرى كىتاۋى). ھوقۇق مەركەزلەشتۈرۈلگەن فېئوداللىق دۆلەت تۈزۈمى
ئاستىدا، غەربىي زېمىن بىلەن ئىچكىرىدىكى خەلقلەر دۆلەتنىڭ بىر پۈتۈنلۈگى، سودا ھەم
مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنىڭ پايدىسىدىن ئورتاق بەھرىمەن بولغان ئىدى.

سۈي، تاڭ ئىككى سۇلالە دەۋرى شىنجاڭنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ ئىچكى جايلىرى بىلەن
بولغان زىچ ئالاقىسى تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ تەرەققى قىلغان مۇھىم دەۋردىن ئىبارەت. «سۈي
دەۋرىنىڭ كىتاۋى — جىڭ جىجى) نىڭ دورا نۇسخىلىرى كىتاۋىنىڭ 256 قىسمىدىن 6 - 5
قىسمى غەربىي زېمىننىڭ ئەسەرلىرىدىن ئىبارەت، «غەربىي زېمىن پىرلىرى سۆزلەپ بەر-
گەن دورا نۇسخىلىرى 23 باپ»، «غەربىي زېمىن بەرەھمەن پەرىسىنىڭ دورا نۇسخىلىرى
3 باپ»، «غەربىي زېمىن داڭلىق تېۋىپلىرى توپلىغان مۇھىم دورا نۇسخىلىرى 4 باپ»،
«بەرەھمەن پىرلەر دورا نۇسخىلىرى 20 باپ»، «گەنتاۋ داۋالاشقا پايدىلىق ئاجايىپ
دورا نۇسخىلىرى 10 باپ» ۋە غەرپنىڭ دورا نۇسخىلىرىنى توپلىغان «ھەر يەرلەردىن
توپلانغان دورا نۇسخىلىرى 2600 باپ» قاتارلىقلار بولۇپ، ئەپسۇسكى بۇ كىتاپلار يوقى-
لىپ ساقلىنىپ قالمىغان بولسىمۇ، ئەمما ھازىر مەۋجۇت تىببى ئەسەرلەرگە ئۇلارنىڭ بىر

مۇلچە مەزمۇنلىرى كىرگۈزۈلگەنلىكى چوقۇم.

تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىدە، قانۇنچىلىق لوشيەنىنىڭ يېتەكچىلىكى ئاستىدا، مەملىكىتىمىزدىكى مىللەتلەر مىسلىسىز ئىتتىپاقلاشقان، گۈللەنگەن ۋەزىيەت بارلىققا كەلگەن ئىدى. پايتەخت چاڭئەن شەھىرىدە تۇرۇقلۇق ئۇيغۇرلار ۋە پامىر تېغىنىڭ غەربىدىن كەل- گەن ئۇيغۇر سودىگەرلەر دائىم 2 - 3 مىڭ كىشىدىن ئارتۇق بولاتتى. ئۇلاردىن بەزىلىرى ئوردىدا ئەمەلدار بولغان، كۆپچىلىكى سودىگەرچىلىك پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىناتتى ياكى پايتەختتە ئوقۇيتتى. ئۇلارنىڭ خەنزۇلار بىلەن بولغان ئىناق مۇناسىۋىتى تاڭ دەۋ- رىدىكى شائىرلار قالدۇرغان كۆپلىگەن شېئىرلاردا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

شەمەن، شيەنياڭ، گەنشيەن ناھىيىسىدىكى تاڭ دەۋرى قەۋرىلىرىدىن كولاپ تېپىلغان يۈك ئارتىلغان نۇرغۇن توگە، ئات ھەيكەللىرىنى يېتەكلىگۈچىلەرنىڭ ھەممىسى كۆزى چوڭقۇر، قاڭشىرى ئېگىز، ئۇزۇن ساقال، تون كىيگەن غەربىي زېمىندىكى مىللەتلەرنىڭ شەكلىدىن ئىبارەت. يەر ئاستى دۇنياسى يەر ئۈستىدىكى ھاياتنىڭ ئەۋرىشكىسى بولۇپ، قەۋرىلەر ئۆز ۋاقتىدىكى رىيال تۇرمۇش ھەققىدە ئەھۋالنىڭ قىسقارغان ئۈلگىسى. بۇ تارى- خىي يادىكارلىقلار شىنجاڭنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرى بىلەن باردى - كەلدىسى قويۇق، ئالاقىسى زىچ ئىكەنلىكىنىڭ تارىخىي دەلىللىرى ھېساپلىنىدۇ. شۇ چاغلاردا "يىپەك يولى" دا قاتناپ تۇرغان تۇركۇم - تۇركۇم ئات - توگە كارۋانلىرى غەربنىڭ دورا ماتېرى- ياللىرى، پاختا ۋە ئۈزۈم ھاراقلىرىنى توشۇپ كېلىپ، ئىچكىرىنىڭ تېببىي دورا، كىتاپ، يىپەك ۋە چىنە - قاچىلىرىنى ئېلىپ كېتەتتى. «يېڭى تاڭ كىتاۋى، جۇغراپىيە ئەسرى» دە يېزىلىشىچە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن تاڭ سۇلالىسىغا سوغا قىلىنغان دورىلار توغرۇغۇ، نوشۇدۇر، بادام مېغىزى، ھىڭ، چېكىلىك قاتارلىقلار بولغان.

دولەتنىڭ بىرلىكى ھەر مىللەت خەلقى ئارىسىدىكى قېرىنداشلارچە ئالاقە ۋەتەن تىبا- بەت ئىلمىنىڭ تەرەققىياتىنى ئالغا سۈرگەن. مىلادىدىن 659 يىل بۇرۇن تاڭ ھۆكۈمىتى جاكالىغان يېڭىدىن تۈزىتىلگەن بىنساۋ كىتاۋىغا شىنجاڭنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا مەم- لىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرى ۋە چەتتىن كەلتۈرۈلۈپ ئەمەلىي ئىشلىتىلۋاتقان جەمى 850 خىل دورا كىرگۈزۈلگەن. ئۇنىڭ ئىچىدىكى يېڭى قوشۇلغان 14 خىل يېڭى دورا ئارىسىدا شىنجاڭدىن كەلگەن ماللار بار، مەسىلەن، توغرۇغۇ تۇرپاندىن چىقىدۇ، يېشىل تۇز يەنجىدىن چىقىدۇ، نوشۇدۇر غەرپتىن چىقىدۇ، ھىڭ كۇئىنلۇندىن چىقىدۇ دەپ يېزىلغان، بۇنىڭدىن باشقا چېكىلىك لاڭگەن، ئاق قىچىلار بۇرۇنقى بىنساۋلارغا كىرگۈزۈلگەن بولسىمۇ، ئەمما «يېڭىدىن تۈزىتىلگەن بىنساۋ» كىتاۋىدا ئۇلارنىڭ شىنجاڭ كىرىيىدىن ياكى غەر- بىي زېمىندىن چىقىدىغانلىقى ئالاھىدە كۆرسىتىلگەن. بۇ دورا قامۇسىغا شىنجاڭ رايونىنىڭ دورا ئەشيالىرى مىسلىسىز كۆپ كىرگۈزۈلگەن، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەرقايسى جاي، ھەر- قايسى مىللەتنىڭ تەجرىبە، ئەقىل - پاراسەتلىرى جۇغلانغان بىر كىتاپ بولۇپ، 7 - ئە- سىردىن ئىلگىرىكى پۈتكۈل جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ دورىگەرلىك بىلىملىرىنىڭ يەكۈنىدىن ئىبا- رەتتۇر. شەخسى ئەسەرلەردىن چېڭ زاڭچىي «بىنساۋ شىيى» كىتاۋىدا تۈرك قۇشقىچى بىلەن پۇرچاقنى دورا قاتارىغا كىرگۈزگەن. جىن چەننىڭ «خۇبىنساۋ» كىتاۋىغا مەخسۇسلا

قېرىنداش مىللەتلەر رايونىنىڭ دورا ئەشيالىرى كىرگۈزۈلگەن. جۇڭيى تىبابىتىنىڭ دورىگەرلىك بىلىمى تاڭ دەۋرىدە زور دەرىجىدە بېيىغان.

چېگرا رايونىدىكى قېرىنداش مىللەتلەر ۋەتەن تىبابەتچىلىك ئىلمىنى ئىنتايىن قىزغىن سۆيىدۇ. تاڭ دەۋرىدە جىن چەنسۈي، لى شىشىڭلار لۇجوغا (گەنسۇ ئەتراپىدىكى بىر جاي — ت) غا ئەۋەتىلگەندە، يەرلىك ئەمەلدار شەن جۇنزۇننىڭ كېسىلىنى يىڭنە سانچىپ داۋالىغان، بۇنىڭ بىلەن "موتىۋەر زاتلار مەدھىيە يېزىپ ھەممە جايغا تارقىتىدۇ". تاڭ دەۋرىدىكى تېۋىپلار قېرىنداش مىللەتلەرنى ئۆز تۇققانلىرىدەك كۆرۈپ، قىزغىنلىق بىلەن ئۇلارنىڭ كېسىلىنى داۋالايتتى.

سۇڭ سىماۋ ئۆزىنىڭ «چەنجىن ياۋفاڭ — دايى چىڭ جىڭ» كىتاۋىدا، ئەگەر كېسەللى بارلار كېلىپ داۋالاپ قويۇشنى تەلەپ قىلسا، خەنزۇ تېۋىپلار "ئۇلارنىڭ كىم بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، بىردەك قاراپ ئۆز تۇققانلىرىدەك كۆرۈپ داۋالايتتى" دەيدۇ. ۋەتەن تىبابىتىدە ئېلىمىزدىكى ھەرقايسى مىللەت خەلقلىرىنىڭ چوڭقۇر دوستلۇقى ئىز ئالغان.

«يېڭىدىن تۈزۈلگەن بەنساۋ» بىلەن مىڭ شىننىڭ «تاماقلار بىلەن داۋالاش بەنساۋى» نىڭ تاڭ دەۋرىدە قولدا كۆچۈرۈلگەن نۇسخىلىرىنىڭ چىڭ دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە دۇڭخۇاڭدىكى تاش ئۆيدىن نۇرغۇن قەدىمقى كىتاپلار بىلەن بىللە تېپىلىشى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. چۈنكى دۇڭخۇاڭ بولسا، جۇڭگو بىلەن غەرپ ئوتتۇرىسىدىكى قاتناشنىڭ مەركىزىي تۈگۈنى بولۇپ، غەربىي زېمىنغا بارىدىغان جەنۇبىي، شىمالىي ئىككى يولنىڭ قوشۇلۇش نۇقتىسىدىن ئىبارەت. ئوموەن ئىچكىرىدىن غەربىي زېمىنغا توشۇلىدىغان ھەرخىل ماللار ھەممىسى مۇشۇ يەرگە يىغىلاتتى، شۇڭا تاش ئۆيدىن تېپىلغان تاڭ دەۋرىنىڭ تىببى ئەسەرلىرى شىنجاڭنىڭ ئىچكىرىدىن تىببى تېخنىكا بىلىملىرىنى ئۆگىنىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك. تاش ئۆيدىكى «يېڭىدىن تۈزىتىلگەن بەنساۋ» نىڭ قولدا كۆچۈرۈلگەن پارچىسىدا گەنسۈي سۈتلۈك ئوتىدىن تارتىپ بەيلىيەنگىچە جەمى 30 خىل دورا بار. «تاماقلار بىلەن داۋالاش بەنساۋى» نىڭ پارچىلىرىدا، ئانارىدىن باشلاپ، تاتلىق ياڭيۇغىچە جەمى 26 خىل دورا بولۇپ، ئەسلى ئەسەر ھەجمىنىڭ 10 دىن بىر قىسمىنى ئىگەللىگەن. ئاپتور مىڭشىننىڭ نامى يېڭى - كونا تاڭ دەۋرى كىتاپلىرىنىڭ ھەممىسىدە بار بولۇپ، تۇڭجۇنىڭ ئەمەلدارى ئىدى. كىتاپنى تۈزگەن ۋاقتى ۋۇنىڭ كېيىنكى چاڭئەندىكى يىللىرى ئارىلىغىغا (704—701 يىللارغا) توغرا كېلىدۇ.

شىنجاڭدا تۇرپاندىمۇ تاڭ دەۋرىدە قولدا يېزىلغان تىببى ئەسەرلەر تېپىلغان بولۇپ، جەمى 4 خىل پارچىدىن ئىبارەت. يەنى «جاڭ ۋىنجۇڭنىڭ لياۋفىن فاڭ»، «شىنلۇڭ بەنساۋجىڭ»، «يەنپۇ ئۇزاڭلۇن» ۋە «جۇيى فاڭسۈي»، «كونا تاڭ كىتاۋى فال جزيو» دا يېزىلىشىچە، جاڭ ۋىنجۇڭ لوياڭلىق ئادەم بولۇپ، ئۆزىتيەنگە ئوردا تېۋىۋى بولغان. بۇيرۇق بويىچە شۇ چاغدىكى ئاتاقلىق تېۋىپلار بىلەن بىرلىكتە «لياۋفىڭچى جۇفاڭ» كىتاۋى بىلەن «سۈي شىن بىجىفاڭ» كىتاۋىنى تۈزۈپ چىققان. تاڭ ۋاڭتاۋنىڭ «ۋەيتەي مىبياۋ» كىتاۋىنىڭ 14 - بابىدا «جاڭ ۋىنجۇڭ لياۋجۇفىڭ، فاڭ جۇشۇۋ» سى نەقىل كەلتۈرۈلگەن بولۇپ، تۇرپاندىن تېپىلغان ئۆزمە شېخى قايناتمىسى قاتارلىق 2 رېتسىپ دەل ئەنە شۇ 9 ماۋزۇ ئىچىدىكى بىرىن-

چى ۋە ئۇچىنچى رىتسپلاردىن ئىبارەت. پارچە كىتاپتىكى ئۇسۇل بويىچە ھوكۇم قىلىنغاندا،
ئۇنىڭ ۋاقتى ئوتتۇرا تاڭ دەۋرىدىن كېيىن ئەمەس، ئېھتىمالكى كىتاپ يېزىلىپ ئۇزاق
ئوتمەي كوچۇرۇلۇپ بۇ يەرگە كەلتۇرۇلگەن بولسا كېرەك. «شىن لۇڭ بىنساۋجىڭ» كىتا-
ۋىنىڭ پارچىلىرىدىكى چوشقا گەندىسىدىن تارتىپ چاشقانغىچە 4 تارمىقى جۇھۇ تارلىغى-
دىكى كىتاپ بولۇپ، جەنۇبىي سۇلالىدىن تاۋخۇڭجىڭ شەرھى يېزىشتىن بۇرۇنقى قىياپە-
تىنى ساقلاپ قالغان، يەنە "世" تەرىپىدىن "洽" ھەرپىگىچە، تەيزۇڭ، گاۋزۇڭلارنىڭ
نامىنى چۈشۈرۈپ قالدۇرۇشتىن ساقلىنىش ئۇچۇن قىسقارتىلمىغان، شۇڭا ئۇ تاڭ دەۋرىدىن
بۇرۇنقى كوچۇرۇلمە نۇسخا بولسا كېرەك. «يەنپۇ ۋۇزاڭلۇن» دا يەن "焉" ھەرپى ئەس-
لىدە چى "晋" ھەرپىنىڭ خاتا يېزىلغىنى بولۇپ، كاتىپنىڭ مىڭسىدە دائىم "يەنجى"
(قارا شەھەر — ت) چۈشەنچىسى بولغانلىقتىن قەلەمدە خاتا كەتكەن بولۇشى مۇمكىن.
«چىپو ۋۇزاڭلۇن» كىتاۋىنىڭ نامىنى سۇن دەۋرىدىكى كىتاپلاردا ئۇچراتقىلى بولىدۇ،
بەلكى سۇيىزى ۋۇزاڭلۇن كىتاۋىنىڭ بىر قىسمى بولۇشى مۇمكىن. «جۇيى فاڭسۇي» كىتا-
ۋىنىڭ نامى ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلگەن. تىببى كىتاپلاردىن تاپقىلى بولمايدۇ، بەلكى خاتىرە
قالماي يوقالغان قەدىمقى كىتاپ بولسا كېرەك. مۇشۇ قىممەتلىك تىببى ئەسەرلەرنىڭ تېپىلىشى
ۋە ئازاتلىقتىن كېيىن ئۇ يەردىن ئۇزلۇكسىز كولاپ تېپىلغان نۇرغۇن دورا رېتسىپ ما-
تىرىياللىرى، سوزسىز شۇنى چۈشەندۇرىدىكى، ئەڭ كەچ بولغاندا تاڭ دەۋرىنىڭ دەسلەپكى
يىللىرىدىلا شىنجاڭ رايونىنىڭ تىببى ئەھۋالى ئاللىقاچان ئىچكىرىنىڭكىدىن پەرقسىز ھالەتكە
يېتىپ بارغان.

تاڭ دەۋرىنىڭ خۇلاسە خاراكتىرلىق تىببى ئەسەرى «چەن جىن ياۋفاڭ» نىڭ
15 - جىلدى بىلەن «ۋەي تەي مىيفاڭ» كىتاۋىنىڭ 14 - جىلدىدە "غەربىي ئوبلاستىنىڭ
ئومۇر ئۇزارتىش قايناتمىسى" نىڭ نۇسخىسى بار. غەربىي ئوبلاست (شەجۇ) دىگەن
تاڭ مەركىزىي ھوكۇمىتى بېكىتكەن شەرقىي شىنجاڭنىڭ شى، يى (قۇمۇل، تىڭ) (بەش-
يالىق) 3 ئوبلاستىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ تەۋەسىدە ئىدىقۇت، تۇرپان، لىيۇجۇڭ
(لۈكچۈن)، پۇچاڭ (فۇچامنى)، توخسۇن بەش ناھىيە بار ئىدى. ئۇنىڭ باشقۇرغان دائىر-
ىسى تەخمىنەن ھازىرقى تۇرپان، پىچان، توخسۇن 3 ناھىيە دائىرىسىگە توغرا كېلىدۇ.
ئۇنىڭ مەركىزى ھازىرقى تۇرپان ناھىيىسىنىڭ 50 يول شەرقىدىكى ئىدىقۇت قەدىمقى شەھرىدىن
ئىبارەت. "غەربىي ئوبلاستىنىڭ ئومۇر ئۇزارتىش قايناتمىسى" غەربىي ئوبلاستتىن كىرگەن
دورا رېتسىپى بولۇپ، شۇ جايلاردا توپلىنىپ ئولتۇرغان ھەرقايسى مىللەت خەلقلىرىنىڭ
ئاغرىق - سىلاقلارغا قارشى كۇرەشلەر جەريانىدا ئىجات قىلغان غايەت زور مۇۋەپپەقىيىتى
ئىكەنلىكى چوقۇم. تۆۋەندە مەزكۇر ئىككى نۇسخا بىلەن ئىچكىرىدە تارقالغان سۇڭنىڭ
ئومۇر ئۇزارتىش قايناتمىسى كىچىك نۇسخىسىنىڭ ئاساسىي داۋالايدىغان كېسەللىكلىرى
بىلەن دورا تەركىپلىرىنى جەدۋەلدە كورسىتىپ ئوتىمىز:

| چىققان ئورنى | رېتسېپ نامى | داۋالايدىغان كېسىلى | دورا تەركىۋى |
|---|---|---|---|
| چەن جىن ياۋفاڭ | غەربىي ئوبلاست ئومۇر ئۇزارتىش قايناتمىسى | ئىچكى ئاجىزلىق، قىزىتما، گوش ۋە بوغۇملار ئاغرىش، مەسلەن، بەدەندە چاشقان ماڭغاندەك بولۇش، خىلمىتلار يۇرۇشۇپ كېتىش ياكى پالەچلىنىپ مىدىرلىيالماسلىق، قول، پۇت جىددى ئاغرىش | چاكاندا، هول زەنجىۋىل، داڭگۈي، گەج، گۈڭلاۋ، دارچىن، چۇچۇكبويا، قالقانگۈل، كەمەك، چۇغلۇق، ئۈرۈك مېغىزى |
| ۋەي تەي مېيياۋ | غەربىي ئوبلاست ئومۇر ئۇزارتىش قايناتمىسى | ئېغىر هۇشسىزلىق، بەدەن قېتىپ قېلىش، بويۇن ئارقىغا قاتتىپ قېلىش، ئېغىز مايماقلىشىش | چاكاندا، قۇرۇق زەنجىۋىل، ئاق پارپا، كەمەك، دارچىن، بەيجۇ، رېنىسىڭ، گۈڭلاۋ، داڭگۈي، چۇچۇكبويا، ئۈرۈك مېغىزى |
| چەن جىن ياۋفاڭ | ئومۇر ئۇزارتىش قايناتمىسىنىڭ كىچىك نۇسخىسى | ئېغىر هۇشسىزلىنىپ كىشى تونۇماسلىق، روه قالايمىقانلىشىش، گوش - پەيلەر تارتىشىپ قېلىش، بەدەننىڭ يېرىمى پالەچلىنىش، ئېغىز مايماقلىشىش، سوزلىيەلمەسلىك | چاكاندا، فاڭمى، ئۈرۈك مېغىزى، رېنىسىڭ، قالقانگۈل، ئاق پارپا، دارچىن، چۇچۇكبويا يىلتىزى، كەمەك، چۇغلۇق، گۈڭلاۋ، هول زەنجىۋىل |

يۇقۇرقى جەدۋەلدىن 3 رېتسېپنىڭ داۋالايدىغان كېسىلى ۋە دورا تەركىۋىنىڭ ئاساسەن ئوخشاشلىقى كورۇلىدۇ. شۇنىڭدەك كېسەپ ئېيتىش مۇمكىنكى، ئومۇر ئۇزارتىش قايناتمىسىنىڭ كىچىك نۇسخىسىنى سوڭ سىماۋ غەربىي ئوبلاستنىڭ ئومۇر ئۇزارتىش قايناتمىسىنىڭ تەركىۋىگە بەزى دورىنى قوشۇپ، بەزى دورىنى ئېلىۋېتىپ تۈزۈپ چىققان. بۇ، ئېلىمىزدىكى هەر مىللەت خەلقلىرىنىڭ ئوزئارا ئۈگىنىپ، ۋەتەن تىبابەتچىلىك ئىلمىنى ئورتاق ئىجات قىلىپ چىققانلىقىنىڭ روشەن مىسالىدۇر. ئۇ چاغدا غەربىي زېمىننىڭ هەرقايىسى جايلىرىدا جۇڭيى تىبابىتى ئىلمىنىڭ سەۋىيىسى خېلى ئۈستۈن دەرىجىدە بولغان. كەيىۋەن 7 - يىلى (719 - يىلى) جىزىبىڭ ئوردىغا ئەلچى ئەۋەتىپ "ئاسترونومىيە ۋە مەخپى رېتسېپ ۋە ئاجايىپ دورىلار تەقدىم قىلغان"، تاڭ هوكۇمىتى شىنجاڭنىڭ شەرقىدىكى ئوبلاستقا خۇددى كىچىك ئولكىلەردىكىگە ئوخشاشلا تىببى بوشى ۋە يىگىنە سانچىش بوشىسى دىگەن ئەمەلدارلارنى تۇرغۇزۇپ، شاگىرت تەربىيىلىتىپ، هەرقايىسى جايلاردىكى هەر مىللەت خەلقىگە خىزمەت قىلدۇرغان.

1970 - يىلى 10 - ئايدا، شىئەننىڭ جەنۇبىي شەهەر ئەتراپى رايونىدىكى خىجياسۇن كەنتىدىكى تاڭىبىن ۋاڭ هوكۇمىتىنىڭ كونا ئورنىدىن، ئەن تارىخى قالايمىقانچىلىقى ۋاقتىدا (755 - يىلدا) يوشۇرۇپ قويۇلغان ئىككى كوزىدىكى ئالتۇن - كۈمۈچ جابدۇقلار تېپىلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىر تۈركۈم قىممەت باهالىق دورا ئەشيالىرى بار. مەسلەن، كېپەك ئالتۇن، ستالاكتىت (تەركىۋىدە كالتسىي كاربونات بولغان تاش — ت)، قىزىل سىر، سۇسۇن كۋارتس، ئاق كۋارتس، قەهرىۋا، مارجان، مۇردار سەنگى بار، يەنە ئالتۇن ۋەرەق ۋە ئاگات هاۋانچە، قاش تېشىدىن ياسالغان ساپ ئالتۇن، كۈمۈچ قازان، تاۋا قاتارلىق دورىگەرلىك جابدۇقلىرى، ئەينەك ئىستاكان، كالا مۈڭگۈزىدىن ياسالغان ئىستاكان، ئىندىقۇت تەڭگىسى قاتارلىق مەدىنى يادىكارلىقلارمۇ بار. غەربىي زېمىندىن چىقىدىغان گۈزەل قاش تېشى، قەهرىۋا، دورا ئەشيالىرى، دورىگەرلىك جابدۇقلىرى بىلەن بىللە چىققان ئالتۇن

ئىستاكاننىڭ سىرتىدا قېرىنداش مىللەت خەلقلىرىنىڭ باش رەسىملىرى ۋە غەربىي زېمىننىڭ ئاقچىسىمۇ بار. شۇڭا، ئەنە شۇ دورا، دورىگەرلىك جابدۇقلىرىنىڭ بىر قىسمى غەربىي زېمىن بىلەن ياكى "يىپەك يولى"نىڭ سودا تىجارىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن. چۈنكى "يىپەك يولى" ئوخشاشلا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش يولى ۋە دوستلۇق يولىدىن ئىبارەت ئىدى. 5 سۇلالە دەۋرى بىلەن شىمالىي سۇڭ مەزگىلىدە، ئىچكىرىدە ۋاقىتلىق پارچىلىنىش ۋە بىرقانچە فېئودال ھاكىمىيەت بىللە مەۋجۇت بولۇش ھالىتى بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇيغۇرلار بىلەن ئىچكىرىدىكى خەنزۇ، كىدان مىللەتلىرىنىڭ خەلقلىرى ئەكسىچە ياخشى مۇناسىۋەتتە بولۇپ، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ۋە سودا-سېتىق ئىشلىرىنىڭ كۆلىمى بۇرۇنقىدىن تېخىمۇ زورايغان ئىدى، مەستىكى دېگەن بىر دورىنىڭ سودىسىنىلا مىسال قىلىپ ئالساق، بىر قېتىمدا ئىچكىرىگە ئېلىپ بېرىلغان مىقدارى 31 مىڭ جىڭدىن ئاشقان بولۇپ، مىقدارىنىڭ كۆپلىگى بۇرۇن زادىلا كۆرۈلۈپ باقمىغان، ئۇيغۇرلار تېرىپ ئۇستۇرگەن تاۋۇزلار 5 سۇلالە دەۋرىدە ئىچكىرىگە ئېلىپ كىرىپ تېرىشقا باشلانغان ئىدى، تاۋۇزنىڭ تەمى تاتلىق، تەبىئىتى سوغاق، ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرۇپ، ئىسسىق ئۇتۇشنى قايتۇرۇش تەسىرى، قىزىتمىلىق كېسەللىكلەرنى داۋالاش ئۈنۈمى بولۇپ، تىببىي ساھەدىكىلەر ئۇنى "تەبىئىي بەيخۇتاڭ قايناتمىسى" دەپ ئاتاشقان.

دۆلەتنىڭ بىرلىكى تارىخنىڭ ئاساسىي ئېقىمى، شۇنىڭدەك ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەتنىڭ ئورتاق ئارزۇسىدىن ئىبارەت. 11-ئەسىرنىڭ بېشىدا تاڭغۇت قولدارلىرىنىڭ بولۇتۇپ چىققان ھاكىمىيىتى دەريانىڭ غەربىدىكى كارىدورنى بېسىۋېلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ سۇڭ سۇلالىسى بىلەن ئالاقىسىنى ئۈزۈپ قويغان چاغدا، قارا خوجا، كىرىيە ۋە گەنسۇدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچرىغان. گەنسۇدىكى ئۇيغۇرلار تاڭغۇت كىنەزلىرىنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن شىنجاڭنىڭ ئىچكىرى بىلەن بولغان سودا يولى ئېچىلغان. داجۇڭشياڭفۇنىڭ 6-يىلى (1013-يىلى) "كۇچارنىڭ ئەۋەتكەن ئەلچىسى لى يەنچىڭ باشلىق 36 كىشى چاڭچۇڭدىيەنگە داڭلىق ئات، ئوقيا، ئىگەر-جابدۇق، قاش تېشى، خۇشبۇي دورىلارنى سوغا قىلىپ بارغان". ئۇيغۇر قېرىنداشلار ۋەتەن تىبابەت ئىلمىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغداش كۈرەشلىرىدە ئۆلمەس تۆھپىلەرنى قوشقان.

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە، ئۇيغۇر مىللىتىدىن نۇرغۇن مۇنەۋۋەر پەن ئالىملىرى يېتىشىپ چىقتى. تىببىي ساھەسىدىن توھپە تەقدىم قىلغانلىرى ھەربىي دوختۇرلۇق ساھەسىدىن يەھيا بولۇپ، خەجۇداۋيۈيشەندە (سىچۈەن خېجۇ ناھىيىسىدە) "بۇيرۇق بويىچە ئېچىتقۇ تۈزىتىش دورىسى بىلەن ۋابا كېسىلىنى داۋالىغان". تەرجىمان ئەنزاڭجىياڭ "نەنجىڭ" «قىيىن كېسەللىكلەر» كىتاۋى بىلەن «بىنساۋ» قاتارلىق كىتابلارنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان، شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئۆز مىللىي يېزىقىدىكى خەنزۇچە كىلاسسىك تىببىي ئەسەرلەر بارلىققا كېلىدۇ. مەشھۇر دېخانچىلىق ئالىمى لۇمىڭشىيەن، ئۇزىنىڭ «نۇڭساڭ يىشى ساۋياۋ» دېگەن كىتاۋىدا جۇڭيى دورا ماتېرىياللىرىنى تېرىپ ئۇستۇرۇش ۋە ھاشارەتلەرنى ئۆلتۈرۈپ كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش توغرىسىدا مول ساۋاتلارنى يازغان.

## ئۇيغۇرلارنىڭ بەش سۇلالە، شىمالىي سۇنلار بىلەن قىلغان دورا ۋە خۇش پۇراق ئەشيالار سودىسىنىڭ تۈر جەدۋىلى

| يىللار | تۈرى | مىقدارى | ماتېرىيال مەنبەسى |
|---|---|---|---|
| 924 - يىلى تۇڭگۇاڭنىڭ 2 يىلى (4 - ئاي) | نۇشۇدۇر، زەمچە، بوكەن مۈڭگۈزى | تەپسىلى ئەمەس | "سەيفۇ يۈەنگۇي" 972 - جىلد |
| 934 - يىلى يىڭ شۇن يۈەن (1 - ئاي) | نۇشۇدۇر، بوكەن مۈڭگۈزى | تەپسىلى ئەمەس | يۇقۇرقى كىتاپ |
| 938 - يىلى تيەنفۇنىڭ 3 - يىلى (3 - ئاي) | بورەق، نۇشۇدۇر، قۇندۇز قەرى، بوكەن مۈڭگۈزى | تەپسىلى ئەمەس | يۇقۇرقى كىتاپ |
| 945 - يىلى كەييۈنىڭ 2 - يىلى (2 - ئاي) | يۇقۇرقى بىلەن ئوخشاش | تەپسىلى ئەمەس | يۇقۇرقى كىتاپ |
| 948 - يىلى گەن يۇ 1 - يىلى (5 - ئاي) | نۇشۇدۇر، بوكەن مۈڭگۈزى | تەپسىلى ئەمەس | يۇقۇرى كىتاپ |
| 951 - يىلى گۇاڭشۇن 1 - يىلى (2 - ئاي) | قەھرىۋا، توغرۇغۇ، خۇش پۇراق دورىلار | 390 جىڭ | يۇقۇرقى كىتاپ |
| 965 - يىل شىمالىي سۇن- گەندى 3 - يىلى | نۇشۇدۇر | تەپسىلى ئەمەس | "سۇڭخۇي ياۋگاۋ، فەيىنى" 4 "كۇچار" |
| 965 - يىل گەندى 3 - يىلى (12 - ئاي) | نۇشۇدۇر | " | " |
| 1010 - يىلى داجۇڭ شياڭفۇ 3 - يىلى (شيەن 3 - ئاي) | نۇشۇدۇر، مەستىكى | 248 جىڭ<br>371 جىڭ | " |
| 1016 - يىلى داجۇڭ شياڭفۇ 9 - يىلى (12 - ئاي) | خۇش پۇراق دورىلار | تەپسىلى ئەمەس | " |
| 1026 - يىلى تيەنشىن 3 - يىلى (4 - ئاي) | مەستىكى، نۇشۇردۇر | " | " |
| 1025 - يىلى تيەنشىن 3 - يىلى (4 - ئاي) | مەستىكى | " | "سۇڭ تارىخى" 490 -جىلد "ئۇيغۇرلار" |
| 1025 - يىلى تيەنشىن 3 - يىلى (12 - ئاي) | مەستىكى، نۇشۇدۇر | | يۇقۇرقى كىتاپ "كىرىيە" |
| 1027 - يىلى تيەنشىن 5 - يىلى (8 - ئاي) | مەستىكى، نۇشۇدۇر | | يۇقۇرقى كىتاپ "ئۇيغۇرلار" |
| 1028 - يىلى تيەنشىن 6 - يىلى (2 - ئاي) | مەستىكى | تەپسىلى ئەمەس | "سۇڭخۇي ياۋگاۋ، فەن يى" 7 |
| 1071 - يىلى شىنىڭ 4 - يىلى ([illegible] - ئاي) | مەستىكى قۇستە، نۇشۇدۇر، قەھرىۋا | " | " |
| 1072 - يىلى شىنىڭ 5 - يىلى (12 - ئاي) | مەستىكى، قۇستە، قۇندۇز قەرى | " | " |

| | | | |
|---|---|---|---|
| 1074 - يىلى شىنىڭ 7 - يىلى (2 - ئاي) | مەستىكى، ئەنسۇن بالزامى، نۇشۇدۇر | 〃 | 〃 |
| 1077 - يىلى شىنىڭ 10 - يىلى (4 - ئاي) | مەستىكى، قۇستە، ئەنسۇن بالزامى، لىسانى ئاساپۇر، خەربەق | 〃 | 〃 |

مۇڭغۇل ھوكۇمرانلىرى نۇرغۇن ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ۋە قابىلىيەتلىك كىشىلىرىنى يۈەن
سۇلالىسىنىڭ ھوكۇمران گۇرۇھىغا قوبۇل قىلغانلىقتىن، كۆپلىگەن ئۇيغۇر ئاھالىلىرى ئۇ-
لارغا ئەگىشىپ ئىچكىرىگە كىرىپ ئورۇنلاشتى. ئۇيغۇر تېۋىپلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس داۋالاش
ئۇسۇللىرى، يۈكسەك داۋالاش تېخنىكىلىرى خەنزۇلارنىڭ قايىللىقى ۋە مەدھىيىلىشىگە ئې-
رىشكەن. تاۋزوڭيى «جوگىنىلۇ» كىتاۋىنىڭ 22 - تومىدا مۇنۇلارنى نەقىل كەلتۈرىدۇ:
رىن زىجاۋ ئېيتىدۇ: ئۆيگە قايتقان چېغىمدا خوشنامنىڭ ئوغلى باش ئاغرىقىغا يولۇ-
قۇپ چىدىيالماي تۇرغان ئىكەن. ئۇيغۇر تېۋىپى، تىغ بىلەن ماڭلاي ئۈستىنى يېرىپ، بىر
كىچىك قۇرۇتنى ئېلىۋەتتى، قۇرۇت تاشتەك قاتتىق بولۇپ، ھەركەتلىنىپ تۇرۇپ ئۇزاق
ئۆتمەي ئۆلۈپ قالدى. بالىنىڭ ئاغرىقى توختاپ قالدى.
شياشۇسۇ ئېيتىدۇ: پىڭجياڭ قاپقىسىدا يولۇچى ئېتىنىڭ قورسىقى كۆپۈپ يىقىلىپ
قالغانلىقىنى كوردۇم، دۇكانغا كېلىپ قالغان ئۇيغۇر كىشى كۆرۈپ قىلىپ، سول ئايىغىنىڭ
ئىچىدىن بىر نىمىنى كېسىپ ئېلىۋەتتى، نىمە نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدىم، ئات ئورنىدىن
قوپۇپ ئىگىسى مىنىپ كەتتى. غەربىي زېمىندا نۇرغۇن ئاجايىپ تېخنىكىلار بارلىقىغا
ئىشەندىم!
يۇقۇرىدا يېزىلغان نەقىلنىڭ ئازىراق يالغاندەك ۋە سىرلىقلاشتۇرۇۋېتىشتەك تەمى
بولسىمۇ، لېكىن "غەربىي زېمىندا ئاجايىپ تېخنىكىلار بارلىقىغا ئىشەندىم" دېگىنى ئۇيغۇر
مىللىتىدە تىبابەت ئىلمىنىڭ يۇقۇرى دەرىجىدە راۋاجلانغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ
بېرىدۇ.
يۈەن ھوكۇمىتىنىڭ چوڭ پايتەختى (بېيجىڭ) ۋە يۇقۇرقى پايتەختى (ئىچكى موڭغۇل دو-
لۇڭ ناھىيىسى دائىرىسىدە) مەخسۇس قۇرۇلغان ئۇيغۇر دورىلىرى دورىخانىسى "ئۇيغۇر دورىلىرى
بېرىش ئورنى" بولۇپ، كېيىن گۇاڭخۇيسىغا ئۆزگەرتىلگەن ئىدى. گۇاڭخۇيسى مەخسۇسلا غەر-
بىي زېمىندىن چىققىدىغان دورىلارنى سېتىۋېلىپ، پىششىقلاپ ۋە سېتىپ ئوردا كىشىلىرىنى،
ئەمەلدارلارنى ۋە بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق مۇسۇلمانلارنى تەمىنلەيدىغان مەخسۇس ئورگان بولغان.
مىڭ، چىڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقلىرى ئىجات قىلغان
داۋالاش ئۇسۇللىرى ۋە ئىشلەتكەن چوپ دورىلىرى ۋەتەن تىبابەتچىلىك دورىگەرلىك ئىلى-
مىنىڭ غەزىنىسىنى تېخىمۇ كۆپەرەك بېيىتتى، قۇملۇق چۆللەردە دائىم ئۇچرايدىغان سېرىق
قۇيرۇق (جەرەن) نىڭ "ئىچكى ئەزالارنى سەمرىتىپ، ماغدۇرلاندۇرۇش خۇسۇسىيىتى بو-
لۇپ، زەخمىلىنىش ۋە سوغاق يەلدىن بولغان كېسەللەرنى داۋالايدىغانلىقى" لى شىجىڭ-
نىڭ «بېنساۋ گاڭمۇ» كىتاۋىغا تۇنجى قېتىم يېزىلدى. چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدا تۇ-
غۇلۇپ ئۆسكەن لى شىجىڭنىڭ ئۆزىنىڭ «بېنساۋ گاڭمۇ» كىتاۋىدا چېگرا رايونىدا ياشاي-
دىغان چارۋىچىلار ئىستىمال قىلىدىغان ئىرىمچىك، پىشلاق، قايماق، سېرىق ياغلارنى ياساش ئۇ-
سۇللىرىنى ناھايىتى تەپسىلى ۋە كونكرېت يېزىپ قالدۇرغانلىقى ئىچكىرى بىلەن شىنجاڭ

خەلقىنىڭ مۇھەببىتى ۋە ئۆزئارا چۈشىنىشى چوڭقۇرلاشقانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. چىلىك دەۋرىدىكى جاۋشۇمىنىڭ «بىگساۋگائىمۇشى» كىتاۋىغا كىرگۈزۈلگەن شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىگە ئىگە يىپەك-ئىچەك بىلەن داۋالاش ئۇسۇلى دائىم ئىشلىتىدىغان چۆپ دورىلىرى نۇرغۇن. مەسىلەن، چىگى (قىمىز-ت) "ئىلىنىڭ غەرب تەرىپىدىن چىقىدۇ. ئات سۈتىنى تۇلۇمغا قاچىلاپ ئاغزىنى ئارقان بىلەن باغلاپ، يېرىم سائەتكىچە تۇلۇمنى پۇت بىلەن دەسسەپ، قول بىلەن مىجىغاندىن كېيىن، ئىسسىق جايدا قويۇپ قويۇلسا، بىر كېچىدە تەييار بولىدۇ. ئۇنىڭ نامى "چىگى" (قىمىز-ت) بولۇپ، ئىچىلسە تەبىتى ئىسسىق، كىشىنى سەمرىتىدۇ، قېرىلىقنى كەتكۈزۈپ ياشارتىش خۇسۇسىيىتى بار".

يالغۇز قوراي (يىجژخاۋ) "شاۋچۇن ئەمەلدارى لى بىڭۇن غەربكە بېرىپ ئۇزاق تۇرغاندا بارىكولدىن بىر خىل دورا چىقىدىكەن، نامى يىجژخاۋ (يالغۇز) قوراي بولۇپ، تاغنىڭ ئىچكىرىسىدە ئۆسىدۇ، شېخىدا يوپۇرماقلىرى بولماي، بىر شاختىن ئۆسۈپ چىقىدۇ، پۇرىقى ئەمەنگە ئوخشايدۇ، 4-ئايلاردا چارۋىچىلار ئاتلىق تاغ ئىچىگە كىرىپ، مەزكۇر چۆپنى ئېلىپ چىقىدۇ. قىيام قاينىتىپ لەنجۇغىچە ئېلىپ كېلىپ ساتىدىغانلار بار".

زېمىنى كەڭ، ئەشياسى مول ۋەتىنىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھەر خىل مەزمۇنغا باي بولغان تۇرمۇش خىسلىتى مول، ماتېرىيال مەنبەسى پۈتمەس-تۈگىمەس بولغان ۋەتەن تىبابەت ئىلمى، ۋەتەن دورىگەرلىك ئىلمىنى ياراتقان.

## "يورۇتۇپ ئالەمنى تاڭ ئاتتى خوراز چىللاش بىلەن،
## بارچە مىللەت چالدى ساز، يۈيتيەنمۇ بار بۇ نەغمىدە"

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى شىنجاڭنىڭ ئىچكىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ يېڭى دەۋرىنى ئېچىپ بەردى.

يۇقۇرىدا بايان قىلىنغانلارنى يەكۈنلىگىنىمىزدە، شىنجاڭدىكى ئەمگەكچان، باتۇر ھەر مىللەت خەلقى، ئەڭ ئۇزاق قەدىمقى دەۋردىن باشلاپلا، ۋەتەن تىبابەتچىلىك ئىلمىنى يارىتىش سېپىگە قاتناشقان. گەرچە، يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان تارىخي پاكىتلار پەقەت ۋەتەن تىبابەتچىلىك-دورىگەرلىك ئىلمىنىڭ بىر تەرىپىنىلا ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ، شۇنىڭدەك مەملىكىتىمىزدە ئۇزاق داۋاملاشقان فېئوداللىق جەمئىيەتتە، تىبابەت ئىلمىنى كىچىك بىر يول دەپ قارىلىپ، قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ قىممەتلىك تىببى ئەسەرلىرى خۇددى "سۇي كىتاۋى جىڭجۇ"دە مىسال كەلتۈرۈلگەن غەربىي زېمىن تىببى دورا نۇسخىلىرىغا ئوخشاشلا يوقىلىپ كەتكەن ياكى ھەرقايسى سۇلالىلار دەۋرىدە، شۇ چاغدا شىنجاڭنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن بولغان تىببى دورا ئالماشتۇرۇش ئەھۋاللىرىنى يېزىپ قالدۇرالماي، بۈگۈن بىز كۆرەلىگەن تارىخي ئەسەر ۋە ئارخېئولوگىيە ماتېرىياللىرى، پەقەت ئەسلىدىكى قىياپەتنىڭ دەريا سۈيىنىڭ بىر تامچىسىدەك بىر قىسمىدىن ئىبارەت بولسىمۇ، لېكىن مۇشۇلارنىڭ ئۆزىلا شىنجاڭدىكى ھەرقايسى قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ تىببى دورا ئىلمىي بىر قىسىم قىممەتلىك مەدەنىيەت مىراسىمىز بولۇپ، بىز جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ گۈللەپ ياشنىشىمىز ئۈچۈن غايەت زور تۆھپىلەرنى قوشقانلىقىنى مۇنازىرىسىز ھالدا چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ماۋجۇشى "جۇڭگو تىببى ـ دورىگەرلىك ئىلمىي ئۇلۇغ بىر غەزنە، ئۇنى تىرىشىپ ئېچىش ۋە يۇقۇرى كۆتىرىش لازىم" دەپ كۆرسەتتى. ھەممە جۇڭيى تىبابىتى جۇڭيى دورىلىرى بىلىملىرى بىلەن شىيى تىبابىتى، شىيى دورىلىرى بىلىملىرىنى بىرلەشتۈرۈپ جۇڭگونىڭ بىرلىككە كەلگەن يېڭى تىببى دورىگەرلىك ئىلمىنى يارىتىپ چىقىشقا چاقىردى. بۇ، بىر تىببى ـ دورا، سەھىيە خادىملىرىغا دەۋر تاپشۇرغان بىر شەرەپلىك ھەممە مۇشەققەتلىك ۋەزىپىلەردىن ئىبارەت. تارىختا، جۇڭيى تىبابەتچىلىك ـ دورىگەرلىك ئىلىملىرىنى ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئورتاق ئىجات قىلغان بولۇپ، ئۇ جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ گۈللە-نىشىگە ۋە سالامەتلىكىنى ساقلىشىغا نىسبەتەن غايەت زور رول ئويناپ كەلدى. ئۇنىڭ سانسىز ـ ساناقسىز كىلاسسىك ئەسەرلىرىدە ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەتنىڭ ئەمگەك، ئەقىل ـ پاراسىتىنى ۋە قېرىنداشلارچە زىچ مۇناسىۋىتى ئورۇن ئالغان. ئەگەر بۈگۈن، ئېلىمىزنىڭ بىرلىككە كەلگەن يېڭى تىببى ـ دورا ئىلمىنى ياراتماقچى بولىدىكەنمىز، ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەتنىڭ تىببى ـ دورا ئىلمىنى تىرىشىپ ئېچىپ چىقىش، جۇڭيى تىبابىتى، جۇڭيى دورى-لىرىنى بېيىتىپ تەرەققى قىلدۇرۇش ھەممە جۇڭيى تىبابىتى، جۇڭيى دورىلىرى بىلىمى بىلەن شىيى تىبابىتى، شىيى دورىلىرى بىلىملىرىنى ئۆزئارا بىرىكتۈرۈش ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىكىنى مۇستەھكەملەش، پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈنمۇ ئىنتايىن مۇھىم.

(«شىنجاڭ تارىخى ھەققىدىكى نەزىرىيە ماقالىلىرى توپلىمى» دىن ئېلىندى)

# ئۇيغۇر تىبابىتى ۋە يىپەك يولى

سۇن جيەندى

شىنجاڭ قەدىمدە "غەربى رايون" دەپ ئاتىلاتتى، دۇنياغا مەشھۇر بولغان "يىپەك يولى" شەرقتە چاڭئەن شەھىرىدىن باشلىنىپ، غەرپتە رۇمغىچە باراتتى. ئۇ، شەرق بىلەن غەرپنىڭ مەدەنىيىتىنى ۋە ھەرقايسى ئەللەر خەلقلىرىنىڭ دوسلۇغىنى بىر ـ بىرىگە يەتكۈ-زەتتى، غەربى رايون بىلەن ئوتتۇرا جۇڭگونى بىر ـ بىرىگە تېخىمۇ چىڭ باغلاپ تۇراتتى. بۇ ماقالىدە ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى بىلەن يىپەك يولىنىڭ مۇناسىۋىتى ئۈستىدە توختۇلۇپ ئۆتمەكچىمەن.

غەربى رايوندىكى ھەر مىللەت ئاھالىلىرى بىلەن خۇاشيا ۋادىسىدىكى ئاھالىلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا قەدىمدىن تارتىپلا دوستانە بېرىش ـ كېلىشلەر بولۇپ تۇرغان ئىدى، چۇن چيۇ، جەنگو دەۋرىدىلا ئوتتۇرا جۇڭگو بىلەن غەربى رايون ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش داۋامىدا، تەدرىجى ھالدا "يىپەك يولى" ئېچىلغان. غەربى رايوندىكى بۇ "يىپەك يولى" چىن، خەن دەۋرلىرىدىن كېيىن، ھەر دەۋردىكى مەركىزىي ھاكىمىيەتلەر-نىڭ بىر تۇتاش ئىدارە قىلىشى ئارقىسىدا، تەدرىجى ھالدا كېڭەيتىلىپ ۋە راۋانلاشتۇ-رۇلۇپ، دۇنياغا تونۇلغان ئىدى. غەربى رايوندىكى مىللى تىبابەتچىلىك كېسەللىككە قارشى ئۇزۇن مۇددەتلىك كۆرەشلەر ۋە "يىپەك يولى" دىكى ئىقتىسادىي مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش

ئىشلىرىنىڭ تەسىر كۆرسەتكۈچ ئارقىسىدا تەرەققىي قىلىپ بۈگۈنكى ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى بولۇپ
يېتىلىپ، ئىلىمىزنىڭ تىبابەت ئىلمى غەزىنىسىنى بېيىتقان، بۇ جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ كۆپەي-
يىپ ياشنىشى ۋە ساقلىنىشى ساقلىنىشىدا ناھايىتى چوڭ رول ئوينىغان.
چىن، خەن دەۋرلىرىدىكى «سېرىق ئىرىق خانى نامىدىن تۈزۈلگەن ئىچكى كېسەل-
لىكلەر رىسالىسى» دېگەن كىتابنىڭ «باشقىلارنىڭ پايدىلىق داۋالاش ئۇسۇل ۋە رېتسىپلىرى
ھەققىدە» دېگەن قىسمىدا: "غەربىي تەرەپتىكى يۇرتلاردا ئالتۇن، قاش تېشى چىقىدۇ؛ ئۇ جاي-
لار قۇم - تاشلىق كېلىدۇ، ئۇپۇقتا ئورۇنلاشقان. خەلقلىرى تاغ - دۆڭلۈكلەردە ماكان
تۇتىدۇ، شامال كۆپ چىقىدۇ، سۈيى ۋە تۇپرىقى كۈچلۈك كېلىدۇ، خەلقى يۇڭ رەختلەرنى
كىيىدۇ، مايلىق - قۇۋۋەتلىك تاماقلارنى يەيدۇ، شۇڭلاشقا نەس ھاۋالار ئۇلارنىڭ تاشقى
ئەزالىرىنى زەخىملەندۈرەلمەيدۇ، كېسەللىك ئۇلارنىڭ ئىچكى ئەزالىرىدا پەيدا بولىدۇ،
ئۇنى زەھەرلىك دورىلار بىلەن داۋالايدۇ، شۇڭلاشقا زەھەرلىك دورىلارمۇ غەربتىن كەلتۈ-
رۈلىدۇ" دېيىلگەن. بۇ تەسۋىرلەردىن قارىغاندا بۇ يەردىكى "غەرب" ئاساسلىقى غەربىي
شىمال، شىنجاڭ رايونى كۆزدە تۇتۇلغان بولۇپ، غەربىي شىمال رايونىدىكى ھەرقايسى
مىللەتلەرنىڭ كۆچمە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقى، بەدەن قۇۋۋىتىنىڭ كۈچلۈك-
لىكى، شۇڭلاشقا ئۇلار كېسەللىكنى داۋالاشتا كۆپىنچە ھالدا ئۆتكۈر دورىلارنى ئىشلىتىدىغان-
لىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇ، شىنجاڭدىكى مىللىي تىبابەتچىلىكنىڭ دورىلارنى تونۇش
ۋە كېسەل داۋالاش ئۇسۇلى جەھەتلەردە ئالىلقاچان تەرەققىي قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ
بېرىدۇ. 1972 - يىلى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ ۋۇۋېي دېگەن يېرىدىكى خەن دەۋرى قەۋرى-
لەردىن 78 پارچە قاش تېشىغا يېزىلغان تىبابەتچىلىك دەستۇرى تېپىلغان. ئۇنىڭدا شەرقىي
خەن دەۋرىدە بۇ رايوندا كۆرۈلگەن كېسەللىكلەرنىڭ سەۋەپلىرى، پاتولوگىيىسى ئالامەت-
لىرى، رېتسىپ ۋە مىقدارى، دورا شەكلى قاتارلىقلار ۋە جەمئى 100 خىل ئۆسۈملۈك،
ھايۋانات، مەدەن دورىلىرىنى ئىشلەتكەنلىكى ھەققىدە تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن جۈملىلەر بار.
شۇنداق تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولىدۇكى، بۇنداق مول ھەم ئۈنۈملۈك دورا ساۋاتلىرى ھەرگىز
راۋاجلانماي ئۆز ئورنىدا جىمجىت توختاپ قالمايدۇ. «غەربىي رايوندىكى قەدىمقى
رېتسىپ ۋە ئۇستىكارلىقلار خاتىرىلەنگەن كەمتۈك ماتېرىياللار توپلىمى» دېگەن كىتابتا خەن،
جىن سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى كىشىلەرنىڭ رېتسىپلىرى؛ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى كىشى-
لەرنىڭ تىبابەتچىلىك ھەققىدىكى قەسىدىلىرى ۋە ئۆسۈملۈك - گىياھلار ھەققىدە يازغانلىرى،
رېتسىپلىرى خاتىرىلەنگەن. بۇ جەمئى 40 تىن ئارتۇق كىتاب بولۇپ، كۆپ قىسمى ئەن-
گلىيە، فرانسىيە، گېرمانىيە كىتابخانىلىرىدا ساقلانغاندىن سىرت، ئاز قىسمى ئېلىمىزدە
ساقلانماقتا. بۇلار غەربىي رايونغا ياكى ئۇنىڭدىن تېخىمۇ يىراقتا بولغان ئەرەبىستان،
ھىندىستانلارغىچە تارالغان كىتابلار بولۇپ، تىبابەتچىلىك ھەققىدىكى ئەڭ بۇرۇنقى
كەمتۈك كىتابلار ئىدى.
دۇڭخۇاڭدىكى 296 - نومۇرلۇق بۇددا غارىدىكى بايلىق تەڭرىسى نومىنىڭ مەز-
مۇنىغا ئاساسەن سىزىلغان رەسىملەردە غوزچە كىيىنگەن، قاڭشارلىق، ئويمان كۆز بىر
كارۋان تۆگىسىنىڭ قوساق ئاغرىقىغا چىدىماي ئازاپ چېكىۋاتقان يەنە بىر غوز كارۋاننىڭ
كېسىلىنى كۆرۈۋاتقان كۆرۈنۈش بار. بۇ رەسىمنىڭ يېنىدا يەنەبىر مالدوختۇرنىڭ كېسەل توگىگە،
مۈڭگۈز نوكەش بىلەن دورا ئىچكۈزۈۋاتقان كۆرۈنۈش بار. بۇ رەسىملەردىكى تىۋىپ،

بىمار، كارۋانلارنىڭ كىيىنىشلىرى، ئىشلىتىۋاتقان ئەسۋاپلىرى ۋە ئوبرازىدىن قارىغاندا، مەملىكىتىمىزنىڭ شىمالى جۇ دەۋرىدىكى غەربىي رايوننىڭ جەمسار، تۇرپان رايونىدىكى چۈي جەمەت خانلىقى زامانىسىنىڭ تىبابەتچىلىك مەدەنىيىتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. غەربىي رايوندىكى ھەر مىللەت خەلقى، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن، چۆل-جەزىرىلەردىكى ئۇزۇن يوللۇق سەپەرلەردە، قۇم-بوران ۋە كېسەللىكنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلىنىش مەقسىتىدە، "دورىپۇرۇچ"، "تىۋىپ" لەرنى كارۋانغا ئەگەشتۈرگەن. ئەگەر مۇشۇنداق ساقلىنىش ساقلاش تەدبىرلىرى بولمىسا، بۇنداق جەۋرى-جاپالىق ۋەزىپىنى ئورۇنلىيالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. سۈي، تاڭ دەۋرلىرىدە، غەربىي رايوندىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدە نۇرغۇن تىببىي ئالىملار ۋە خەنزۇچىنى پىششىق بىلىدىغان تەرجىمانلار بارلىققا كەلگەن. ئۇلارنىڭ تىبابەتچىلىك توغرىسىدىكى ئەسەرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئۈزۈلۈكسىز ئۇرۇشلار ۋە چەتنىڭ تاجاۋۇز قىلىشى تۈپەيلىدىن بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ كەتكەن، بەزى تىببىي ئالىملار چەتئەللەرگە كېتىشكە مەجبۇر بولغان، بۇ ھەقتە قەدىمقى يۇنانىستان ۋە ئېلىمىزنىڭ ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدە نۇرغۇن رىۋايەتلەر بار.

تاڭ دەۋرىنىڭ گۈللەپ ياشنىغان زامانلىرىدا لى جەمەت خانلىرى، جۇ سۇلالىسىدىن سۈي سۇلالىسىغىچە بولغان مەزگىللەردە ئورۇنلانمىغان غەرپتىكى ئىشلارنى ئورۇنلاپ، ھاكىمىيەت ئىشلىرى جەھەتتە ئالدىنقى سۇلالىلارنىڭ تۈزۈمىگە ۋارىسلىق قىلغاندىن تاشقىرى، مەدەنىيەت جەھەتتە مەيلى ئۆزىنىڭ بولسۇن ياكى سىرتتىن كەلگەن تەسىرلەر بولسۇن، ھەممىسىنى ساقلاپ قالغان ۋە قوبۇل قىلغان، شۇنداقلا شۇ زامانلاردا غەربىي رايوندىن ئۆگىنىش كەيپىياتى، خەن-ۋېي دەۋرلىرىدىكىدىن يۇقىرى بولغان ئىدى. «ئوردا كىتابلىرى جەۋھىرى» دېگەن كىتابتا: "قوجۇ (تۇرپان — ت) يىمىرىلگەندىن كېيىن بېجاقى ئۈزۈمنىڭ ھەقىقىي تەمىنى تېتىشقا باشلىغان" دېيىلگەن. ئەينى زاماندا چاڭئەنلىكلەر (شىئەنلىكلەر) قوجۇچە ئۇسۇل بىلەن ئۈزۈم ھارىقى ۋە پارسچە ئۇسۇلدا ئامىلە، بەلىلە، ھېلىلە (بۇ ئۈچ ئۇسۇملۇك بۇددىزم لۇغىتىدە غەرپتە بولىدىغان مېۋە دېيىلگەن — ت) دېگەن ئۈچ مېۋە بىلەن ئۈچ مېۋە (تىن پىل، ئىترىپىل) شەرۋىتى ياسايتتى. ھېلىلەرنىڭ سۇدا قاينىتىلغىنى ھېلىلە قاينىتىلمىسى دەپ ئاتىلاتتى، رەڭگى كوكۇرۇپ كەتكەن سۇتنىڭ رەڭگىگە ئوخشاش بولۇپ، بۇنى ئىچىپ بەرسە، تاماق ھەزىم قىلىش، كېكىرتىش جەھەتتىكى ئۈنۈمىگە باشقا شەرۋەتلەر تەڭ كېلەلمەيتتى. كۆپىنچە كىشىلەر بۇ شەرۋەتنى مېھمانلارغا قۇياتتى. شۈەنزۇڭ دەۋرىدىكى ئەژدىھار ھارىقى، غەربىي رايوندىن چىقاتتى. «سۈڭگى دۈياگىزاپىيەن» دېگەن كىتابتا: "شۈەنزۇڭ زامانىسىدا چۈشى يىچى دېگەن كىشى تەكلىپ بىلەن ئوردىغا كەلگەندە، ئەژدىھار ھارىقى ئىچىلگەن، ئۇنىڭ رەڭگى قاپ-قارا سۇدەك بولۇپ، ئىچكەندىن كېيىن كىشىنى شات-خورام قىلاتتى" دېيىلگەن. ئەژدىھار ھارىقى غەربىي رايون خەلقىنىڭ سوغاق تېگىشتىن ساقلىنىش، روھىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئىچىدىغان قۇۋۋەت دورىسى بولۇپ، غەربىي رايوندىكى ئۇيغۇر تىۋىپلىرى ئۆزلىرىنىڭ يۇقىرى تېخنىكىسى بىلەن ئىشلەپ چىقىپ شۈەنزۇڭ خانغا تەقدىم قىلغان. ئەژدىھار ھارىقى ھېچقاچان ئادەتتىكى ئۈزۈم ھارىقى ئەمەس ئىدى. شىنجاڭدا ئېلىپ بېرىلغان يەرلىك دورا مەھسۇلاتلىرىنى تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن قارىغاندا، شىنجاڭدا ئەزەلدىنلا ئەژدىھارنىڭ تاشقا ئايلانغان سۆڭىكى بارلىقى ئىسپاتلاندى، ئۇنىڭدا كۆپ مىقداردا كالتسىي كاربونات، كالتسىي فوسفور

ۋە ئاز مىقداردا تۆمۈر، ئالىيۇمىن، ماگنىي قاتارلىق نىمۇرگانىك تۇز بولغاچقا، ئۇنى هاراققا چىلىسا هاراق قاپ - قارا بولۇپ كېتىدۇ. ئەژدىهار سوڭىگىنىڭ نېرۋىنى تىنىچلاندۇرۇش، چوچۇشنى بېسىش رولى بولغاچقا، ئۇنى ئىچسە كىشىنى شات - خورام قىلىدىغانلىقى تەبىئىي ئىش. تاڭ دەۋرىدىكى ئەژدىهار هارىقى غەربىي رايوننىڭ ئەژدىهار سوڭىگىدىن ئىشلەنگەنلىكىدە شەك يوق. تاڭ دەۋرىدىكى (ئوتتۇرا جۇڭگودا) دورا هاراق ئىشلەش، ئىككى جىن ۋە شىمالىي - جەنۇبىي سۇلالىلىرى دەۋرى (265 — 589 - يىللار) دىن باشلانغان بولۇپ، بۇنىڭ ۋەكىلى لىي جوۋ ئىدى، بۇ هەقتە «لىي هەزرەت دورا چىلاش ۋە قورۇش توغرىسىدا» دېگەن كىتاپ بار. تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي رايون تېۋىپلىرى ئەژدىهار هارىقىنى بۇنىڭدىن 300 يىل كېيىن ئىشلەپ چىققان. بۇ تېخنىكا "يىپەك يولى" ئارقىلىق غەرپكە تارالغانمۇ، قانداق بۇنى هازىرغىچە ئىسپاتلىغىلى بولمايدۇ. لېكىن تاڭ سۇلالىسى هۆكۈمىتى ئېلان قىلغان «يېڭى تۈزۈلگەن ئوسۇملۇك گىيالار قامۇسى» دېگەن كىتاپقا غەربىي رايوننى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەملىكىتىمىزنىڭ ئۆزىدىن چىققان ۋە چەتتىن كىرگەن دورىلاردىن 850 خىل دورا خاتىرىلەنگەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە يېڭىدىن قوشۇلغان 114 خىل دورىنىڭ كۆپۈنچىسى غەربىي رايوندىن چىقىدىغان مەهسۇلاتلاردۇر. مەسىلەن: تۆگرۈگۈ قاكقىلىدىن؛ كوك تۇز يەنچىدىن؛ نوشۇدۇر، شىرون (غەربىي رايوننىڭ يەنە بىر ئىسمى — ت) دىن؛ هىڭ كوئىنلۇندىن چىقىدۇ،......دەپ يېزىلغان، تاڭ دەۋرىدىكى سۇن سىمياۋ تۈزگەن «بىباها رېتسىپلار» دېكى كىچىك نۇسخىلىق «ئۆمۈرنى ئۇزارتىش قائىنتىلمىسى» دەل غەربىي ۋىلايەت (تۇرپاننىڭ) «ئۆمۈرنى ئۇزارتىش قائىنتىلمىسى» دىن پايدىلىنىپ ئىسلاھ قىلىنغان. غەربىي ۋىلايەت، ئەينى زاماندا تاڭ سۇلالىسى مەركىزىي هۆكۈمەت تەرىپىدىن غەربىي رايوندا تەسىس قىلىنغان 3 ۋىلايەت (تۇرپان، قۇمۇل، جىمسار) نىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ، قوجو، يارغول، لۈكچۈن، پۇچاڭ، بوغدا دېگەن 5 ناهىيىنى تەشكىل قىلاتتى. ئىدارە قىلىش دائىرىسى هازىرقى تۇرپان، توقسۇن، پىچان ناهىيىلىرىگە تەڭ كېلەتتى. ئۇنىڭ مەركىزى هازىرقى تۇرپان ناهىيىسىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى 50 كىلومېتىر كېلىدىغان قارا خوجا دېگەن جايىدا ئىدى، جۈملىدىن، تۇرپاننىڭ ئۆمۈر ئۇزارتىش قائىنتىلمىسى — ئۇ جايدىكى هەر مىللەت خەلقىنىڭ كېسەللىك بىلەن قىلغان كۈرەشلىرى نەتىجىسىدە ئىجات قىلىنغان ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتتۇر. كەيىيۇەننىڭ 7-يىلى (مىلادىنىڭ 719 - يىلى) كەشمىردىن ئارقىش (سودىگەر ئەلچى — ت) كېلىپ تاڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا "ئاسترونومىيە ۋە مەخپىي رېتسىپ، كارامەت دورىلار قاتارلىق سوغىلارنى تەقدىم قىلغان" بۇنىڭدىن باشقا يەنە شۇەنزۇڭ خاننىڭ "چى لىياڭدىيەن" (سالقىنلاتقۇچى ئۆيى)، ۋاڭ خۇڭنىڭ "زىبىۋي تىڭ" (سۇئىي يامغۇر ياغدۇرۇلىدىغان راۋاق) لىرى، شۇنداقلا سوغاق يېمەكلىك "ماروژ" قاتارلىقلارنىڭ هەممىسى غەربىي رايوندىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قۇملۇقتىكى ئىسسىق هاۋادىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن قوللانغان ساقلىقنى ساقلاش تەدبىرلىرى ئىدى. "مارجى" هازىرقى تۇرپان قاتارلىق جايلاردىكى ماروژ بولۇپ، بۇ، مۇز، تۇخۇم، ناۋاتتىن ياسىلىدىغان تەشنالىقنى قاندۇرۇپ هۆللۈك يەتكۈزۈدىغان بىر خىل سوغاق يېمەكلىكتۇر. بۇلارنىڭ تاڭ ئوردىسىغا تارقىلىپ كىرگەنلىكى، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ساقلىقنى ساقلاش ئىشلىرىدا، ئوزۇقلۇنۇش، ئۇخلاش، يېمەكلىكنى چەكلەش هەتتا مۇهىت تازىلىقىنى ۋە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشنى تەتقىق قىلىش

جەھەتلەردە ئاللىقاچان يۇقۇرى بىلىمگە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلدۈردۇ. تاڭ دەۋرىدە، ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنىڭ تەرەققى قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئۇيغۇر تىۋىپلىرى «ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك ئەسەرلىرى» دىگەن بىر تارىخى ئەھمىيەتلىك كىتاپنى تۈزۈپ چىققان بولۇپ، ئۇلار كېيىنكى سەللىكنى تۇرگە ئايرىش سەۋىيىسىگە يەتكەن. تاڭ دەۋرىنىڭ كەيىنكى يىللىرىدا غەربى رايوندا "36 - توملۇق خۇي خۇي رېتسىپلىرى" (ھازىرقى بۇنىڭدىن ساقلىنىپ قالغىنى 4 توم) دىگەن كىتاپنىڭ جامائەتكە تونۇلۇشى، قەدىمقى ئۇيغۇر تىۋىپلىرىنىڭ باشقا مىللەت تىۋىپلىرى بىلەن ئورتاق جاپا چېكىپ ئەمگەك سىڭدۈرگەنلىكىنىڭ نەتىجىسىدىن ئىكەنلىكىنى بىلدۈردۇ. بۇ ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن ئاساس يارىتىپ بەردى. بىر مىللەت بىلەن يەنە بىر مىللەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت، ئەزەلدىنلا ئۆزئارا ئۆگىنىش، بىر - بىرىنىڭ ئارتۇقچىلىغىنى قوبۇل قىلىش مۇناسىۋىتى بولۇپ، تىبابەتچىلىكمۇ دەل شۇنداق بولغان، مەيلى ئېلىمىزدىكى خەنزۇ تىۋىپلىرىنىڭ ئەسەرلىرى ياكى ئۇيغۇر تىۋىپلىرىنىڭ ئەسەرلىرى، ھەتتا ئىبنى سىنانىڭ «ئەلقانۇن» نى بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە ئوخشىمىغان دەرىجىدە چەتئەلنىڭ تىبابەتچىلىك جەۋھەرلىرى قوبۇل قىلىنغان. گەرچە ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس سېستىمىسى بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا ئورتاق يەرلىرىمۇ بار. ئوتتۇرا جۇڭگودىكى خەنزۇ تىبابىتى چىن، خەن سۇلالىلىرى دەۋرىدىن سۇي، تاڭ دەۋرلىرىگىچە بولغان زامانلاردا غەربى رايون ئەرەبىستان، ھىندىستان ۋە يۇنانىستان تىبابەتچىلىكىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن ئىدى. ئىبنى سىنانىڭ «ئەلقانۇن» نى ئالەمگە تونۇلۇشتىن بۇرۇنلا قەدىمقى ئۇيغۇر ئالىمى فارابى ئىبنى سىناغا ئۇستاز بولۇپ، ئۇنىڭ ئەقلىنى ئاچقان ئىدى. ئىبنى سىنا ئۆزىنىڭ تەرجىمىھالىدا، ئۆزى ئىلىمگە تەشنا بولۇپ تۇرغاندا، فارابىنىڭ پەلسەپە ئىدىيىسى بىر پارلاق ماياك بولۇپ، ئۇنىڭ كۆزىنى يورۇتۇپ، بىلىم پەنجىرىسىنى ئاچقانلىغى تەسۋىرلەنگەن. خۇخۋار (1876-يىلى) ئىبنى سىنانىڭ «ئەلقانۇن» نىغا باھا بەرگەندە، بىزنىڭ ئۆزىمىزچە ماختىنىپ يۈرگەن مەدەنىيەتلىرىمىز ئەمىلىيەتتە بۇ قەدىمقى مىللەت (جۇڭخۇا مىللىتى) دىن كەلگەن دىگەن، چۈنكى، ئىبنى سىنانىڭ «ئەلقانۇن» نىدا شەرھلەنگەن تېمىلار ئاللىقاچان جۇڭگو پەلسەپە ئىدىيىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدە جۇڭگونىڭ "تومۇر" نەزىرىيىسى ھەققىدىكى بايانلىرى ئەڭ گەۋدىلىكتۇر.

قەدىمقى جۇڭگو تىبابەتچىلىكى ئۇستازلار شاگىرت ئېلىش يولى بىلەن ئەۋلاتلارغا قالدۇرۇلاتتى. خەن سۇلالىسى دەۋرىدە شاگىرتلارنى تاللاش تۈزۈمى يولغا قويۇلغان، سۇي، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىگە كەلگەندىلا تىبابەتچىلىك مائارىپىغا ئەھمىيەت بېرىلىپ ئۇلۇغ تىۋىپ مەھكىمىسى تەسىس قىلىنىپ، ئۇنىڭدا ھازىرقى مېدىتسىنا ئىنىستىتۇتلىرىغا ئوخشاش ئوقۇغۇچىلارغا دەرس ئوتۇلگەن. تاڭ سۇلالىسى ھوكۇمىتى غەربى رايوندىكى 3 ۋىلايەتتە ئىچكى ئۇلكىلەردىكىگە ئوخشاش تىۋىپ دوكتۇر، يېڭنە دوكتۇرى قاتارلىق ئەمەللەر بەلگىلەنگەن.

ئۇلار ئوقۇغۇچىلارنى ئوقۇتقان ۋە يەرلىك خەلقلەرنى داۋالىغان. غەربى رايوندا تىبابەتچىلىكنىڭ ئەۋج ئېلىشى، 3 ۋىلايەتتە تىۋىپ دوكتۇر، يېڭنىچى دوكتۇرلارنىڭ تەسىس قىلىنىشى ئوقۇغۇچىلارنى ئوقۇتقانلىغى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىدى. ئىبنى سىنانىڭ غەربى رايوندىن تىببى ئىلىم جەۋھەرلىرى قوبۇل قىلغانلىغىمۇ ئەجەپلىنەرلىك

ئىش ئەمەس. تۇرپاندىن تاڭ دەۋرىدە كوچۇرۇپ يېزىلغان «جاڭ ۋىنجۇڭنىڭ يەل كېسەللىكلىرىنى داۋالاش رېتسېپلىرى»، «ئەۋلىيا دېخاننىڭ ئۇسۇملۇك ھەققىدىكى رىسالىسى»، «يەنپۇڭنىڭ بەش ئەزا توغرىسىدىكى نەزەرىيىسى» ۋە «رېتسېپلار جەۋھىرى» دىگەنگە ئوخشاش كىتاپ ماتېرىياللار تېپىلغان. بۇنىڭدىن باشقا كومۇلا، سۇپۇپ، شەرۋەت قاتارلىقلارنىڭ سىناقتىن ئوتكەن رېتسېپلىرى، كەمتۇك ۋاراقلىرىمۇ بار. بۇلارنىڭ ۋاقتى، يىل دەۋرلىرى ئوتتۇرا تاڭ دەۋرىدىن كېيىن ئەمەس، ئېھتىمال ئۇستازلار ئوقۇغۇچىلارغا دەرس ئوتۇش جەريانىدا بۇ رايونغا تارالغان بولۇشى مۇمكىن. تەرجىمان ئەنزاڭ، «قىيىن كېسەللىكلەر رىسالىسى»، «ئۇسۇملۈكلەر» قاتارلىق كىتاپلارنى ئوز ئارا ئۇگىنىشكە پايدىلىق بولسۇن ئۈچۈن قەدىمقى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان، بۇنداق بولغاندا، شەرق بىلەن غەرپنىڭ كارۋان قاتنىشىدا ئوتكەل بولۇپ تۇرغان غەربى رايوندا، پەن-مەدەنىيەت جەھەتتە چېگرىلار ئاللىقاچان بۇزۇپ تاشلىنىپ ئوز ئارا ئۇگىنىپ، بىر بىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى قوبۇل قىلغان، دەپ تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن ئەمەس.

ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى ئىككى مىڭ يىلدىن ئارتۇق ئۇزاق ۋاقىت ئىچىدە مېھنەت سىڭدۇرۇپ تەجرىبە توپلاش ئارقىلىق بىرقەدەر مۇكەممەل نەزەرىيە سېستىمىسى ۋە داۋالاش ئۇسۇلى بولۇپ شەكىللەنگەن. ھازىر ئۇنىڭ تىبابەتچىلىكى نەزەرىيىسى "تۇپراق، سۇ، ئوت، ھاۋا" دىن ئىبارەت 4 ئاناسىر (ماددا) تەلىماتى ۋە "قان، بەلغەم، سەپرا، سەۋدا" دىن ئىبارەت 4 خىلىت تەلىماتى ئارقىلىق ئادەم بەدىنى بىلەن تاشقى دۇنيادىكى تەبىي مۇھىتنىڭ دىيالېكتىكىلىق مۇناسىۋىتىنى چۈشەندۇرىدۇ. شەرقى خەن دەۋرىدىن تاڭ دەۋرىگىچە بولغان دەۋرلەر بۇددىزىمنىڭ تارقىلىش دەۋرى بولۇپ، "يىپەك يولى" ۋە "دېڭىز قاتنىشى" نىڭ تەرەققى قىلىشى ئارقىسىدا جۇڭگو بىلەن چەتئەللەر ئوتتۇرىسىدا تىببى پەن ئالماشتۇرۇش ئەۋج ئالغان ئىدى. بۇگۇنكى ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنىڭ "4 ئاناسىر" تەلىماتى، ھىندىستان بۇددىزىمنىڭ خەن، تاڭ دەۋرلىرىدە جۇڭگوغا تارالغانلىقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ھىندىستاننىڭ «4 چوڭ ھەركەتچان مەۋجۇدىيەت» تەلىماتى نەزەرىيىسى مىلادىنىڭ 610-يىلىدا ساۋيۇەنفاڭ يازغان «كېسەللىكلەرنىڭ مەنبەى توغرىسىدا ئومۇمى بايان» دىگەن كىتاپتا تېخىمۇ بىۋاستە ھالدا شەرھىلەنگەن. بۇنىڭدىن كېيىن، 652-يىلى سۇن سىمياۋ يازغان «بىباھا رېتسېپلار» دىگەن كىتاپتا 4 چوڭ مەۋجۇدىيەت نەزەرىيىسى تېخىمۇ كوپ شەرھىلەنگەن. 8-ئەسىردە ۋاڭ تاۋ يازغان «ۋەيتەي مەخپى رېتسېپلىرى» دىگەن كىتاپتا ھىندىستان نومىلىرىدىكى كوز كېسەللىكى توغرىسىدا سوزلىگەندىمۇ 4 چوڭ مەۋجۇدىيەت نەزەرىيىسى شەرھىلەنگەن. بۇ نۇقتىلار شۇنى تولۇق ئىسپاتلايدۇكى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىمۇ سىرتتىن قوبۇل قىلىپ، تەجرىبىلەرنى توپلاپ، ياخشى ئۇنۇم بەرگەنلىرىنى ئۇزۇنغىچە ساقلاپ كەلگەن. بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ تىبابەتچىلىك ئىلمىنىڭ ئالغا باسقانلىقىنىڭ سەۋەپلىرىنى چۈشەندۇرگىلى بولىدۇ. ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىدىكى «4 خىلىت تەلىماتى» نىڭ تەرەققىياتىنى چۈشۈنۈشتە ھىندىستاننىڭ «3 تۇرلۇك مەۋجۇدىيەت نەزەرىيىسى» دىن مەنبە ئىزلەشكە شۇنداقلا ئۇنىڭدىن كېيىنكى يۇنانىستاننىڭ «4 خىل بەدەن سۇيۇقلىقى نەزەرىيىسى» نىڭ تەسىرىدە بولغان دىيىشكە بولىدۇ. ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنىڭ «4 ئاناسىر تەلىماتى» خەن، جىن دەۋرلىرىدىكى "مەنپى، مۇسپىلىك ۋە 5 خىل ھەركەتچان ماددا" دىن ئىبارەت پەلسەپىۋى ئىدىيىلىرىنىمۇ

قوبۇل قىلىنغان بولۇپ، ئۇزۇن مۇددەتلىك ئەمەلىيەت جەريانىدا «4 ئاناسىر تەلىماتى» ۋە «4 خىلىت تەلىماتى» نى شەكىللەندۈرۈپ، كېسەللىكلەرنى شۇ كۆزقاراش بويىچە چۈشەندۈرگەن. ئېلىمىزنىڭ «تومۇرلار ھەققىدىكى نەزىرىيىسى» ئەرەپ، يۇنانلارغا تارىلىشتا، ئۇنى ئالدى بىلەن غەربىي رايوندىكى ئۇيغۇر تېۋىپلىرى قوبۇل قىلغان. ھازىر ئۇيغۇر تېۋىپلىرى كېسەل كۆرۈشتە "تومۇر تۇتۇش"، "چىراي" نى كۆزىتىش ھەم "سوراش" ئارقىلىق كېسەل ئېنىقلايدۇ. "تومۇر" نى 10 تۈرگە، 35 خىلغا ئايرىيدۇ. مەسىلەن، ھەرە چېقىشىدەك، دولقۇنسىمان، چۈمۈلىنىڭ مېڭىشىدەك، پۇرچاقسىمان، چاشقاننىڭ تېز يۈرۈشىدەك دېگەنگە ئوخشاش 35 خىلغا ئايرىيدۇ. تومۇرنى خەنزۇ تېۋىپلىرىگە قارىغاندا 3 سۆڭەك يۇقۇرى ئورۇندىن تۇتىدۇ، ئىچكى كېسەللىك جەھەتتە ئىچىلىدىغان دورىلارنى ئىشلىتىشنى ئاساس قىلىدۇ، كۆپىنچە ئۇيغۇر خەلقى شەرۋەت ۋە مەجۇنات دورىلارنى ياخشى كۆرىدۇ، بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئىسرىقلاش، دورىغا ئولتۇرغۇزۇش، قان ئېلىش، ئىسسىق ئوتكۆزۈش (دورىلارنى قورۇپ ئۇنىڭ ئىسسىقىنى ئوتكۆزۈش، قۇمغا كۆمۈلۈش قاتارلىق)، سوغاق سۇدا داۋالاش (ئارشاڭدا يۇيۇنۇش)، خەشەك قويۇش، ئەدەبىيات-سەنئەت مۇھىتىنى ھازىرلاش، تائاملار بىلەن داۋالاشتەك 11 خىل داۋالاش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىدۇ. تاشقى كېسەللىك جەھەتتە سۇرۇش، چاپلاش، داغلاش، ئىسسىق يېپىندۇرۇش، بوغۇش ۋە ئاددىي ئوپېراتسىيە قاتارلىق 6 خىل داۋالاش ئۇسۇللىرى بار. رېتسىپ تۈزۈلمىسىدە، ئاساسىي دورىلار ۋە قوشۇمچە دورىلار دەپ ئايرىيدۇ، داۋالاشتا مۇرەككەپ بىرىكمە دورىلارنى ئىشلىتىدۇ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى 50 خىل دورىدىن ئاز، بولغانلىرى 7 خىل دورىدىن تەركىپ تاپقان بولۇپ، ئادەتتە يالغۇز دورىنى ئانچە ئىشلەتمەيدۇ. ياسالما دورىلارنىڭ شەكلى 12 خىل بولۇپ ئۇلار: شېكەرلىك شەرۋەت، مۇشەللەك شەرۋەت، ھەب، سۇپۇپ، مەجۇنات، مەلھەم، رەۋغەن، ئەرەقى، مەتبۇخ، چىلانما، قۇرس قاتارلىقلار. ئادەتتە داۋالاشتا پەقەت 8-7 خىلىنى كۆپرەك ئىشلىتىدۇ. بۇنىڭدىن ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنىڭ چەتتىن قوبۇل قىلىنغان تىبابەتچىلىك ئىلمى ئاساسىدا تەدرىجى تەرەققى قىلىپ مۇستەقىل تىبابەتچىلىك سىستېمىسى بولغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

لېكىن ئۇزۇن مۇددەتلىك فېئوداللىق جەمئىيەتتە، ھەتتا ئازاتلىقتىن ئىلگىرىكىچە ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى، قوللاش ۋە رىغبەتلەندۈرۈشكە ئېرىشەلمەي، ھېچكىم سورىغىنى قىلمايدىغان ئەھۋالدا قالغان ئىدى. بۇرۇن، فېئودال ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلار چىرىك بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئۈستىگە چەتئەل بۇلاڭچىلىرىنىڭ بۇزغۇنچىلىق قىلىپ ئوغۇرلاپ كېتىشى نەتىجىسىدە نۇرغۇن كىتابلار ئىز-دېرەكسىز يوقىلىپ كەتكەن، بۇنىڭ بەزىلىرى ھازىرغا قەدەر چەتئەل كىتابخانىلىرىدا ساقلانماقتا.

ئازاتلىقتىن كېيىن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ سەمىمىي غەمخورلۇقى، قوللىشى بىلەن، 1956-يىلى ئالدى بىلەن خوتەن ناھىيىسىدە ساقلىقنى ساقلىغۇچىلار ھەمكارلىق جەمئىيىتى ۋە ئۇيغۇر تىبابىتىنىڭ 1-بىرلەشمە ئامبۇلاتورىيىسى قۇرۇلدى. قەشقەر، ئۈرۈمچى، غۇلجا، كۇچار قاتارلىق جايلاردىمۇ مىللىي تىبابەت ئامبۇلاتورىيىسى ۋە دوختۇرخانىلىرى قۇرۇلدى، ئۇنىڭدىن كېيىن قەشقەر، خوتەن، ئۈرۈمچى شەھرىدە ئۇيغۇر تىبابەت شىپاخانىلىرى قۇرۇلدى. 1979-يىلى يەنە خوتەن، قەشقەر تىببىي تېخنىكومىلاردا ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك سىنىپى ئېچىلىپ بىرنەچچە يۈز ئوقۇغۇچى

قوبۇل قىلىندى. يەنە تۆۋەندىن ئىمتىھان ئېلىش ئارقىلىق 70 نەپەر تىببىي خادىملار تاللاپ كېلىنىپ، ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى تارماقلىرى تولۇقلاندى، بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنىڭ كەسپىي قوشۇنىنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن ئاساس يارىتىلدى.

يىغىپ ئېيتقاندا، ئېلىمىزنىڭ چۇنچيۇ، جيەنگو دەۋرىدىن تارتىپلا ئەمگەكچان، باتۇر ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئاتا-بوۋىلىرى ئېلىمىزنىڭ تىبابەتچىلىك ئىلمىنى گۈللەندۈرۈش ئىشىغا ئاتلىنىپ كىرگەن، ئۇزۇن مۇددەتلىك تارىخ جەريانىدا ئۇيغۇر خەلقى ئېلىمىزنىڭ تىبابەتچىلىك ئىلمىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن زور تۆھپىلەر ياراتقان، شۇنداقلا دۇنيا تىبابەتچىلىك ئىلمىنىڭ ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشتە، ئۇلار يىپەك يولى ئارقىلىق ئېلىمىزنىڭ تىبابەتچىلىك ئىلمىنى چەتئەللەرگە تارقاتتى ۋە ئۆزىنىڭ تىبابەتچىلىك غەزنىسىنى بېيىتتى. ھازىر ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى موڭغۇل، زاڭزۇ تىبابەتچىلىكىگە ئوخشاش، سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزنىڭ كۈندىن-كۈنگە قۇدرەت تېپىشىغا ئەگىشىپ تەدرىجىي ھالدا گۈللەپ ياشنىماقتا.

(جۇڭخۇا تىبابەت تارىخى ژۇرنىلى 1982-يىل 12-توپلام 3-سانىدىن ئېلىندى)

قۇربان ۋەلى تەرجىمىسى

# ئۇيغۇر تىبابىتى مىراسلىرىنى قېزىش، رەتلەشتىكى يېڭى نەتىجە

## ئۇيغۇر تىبابىتى تارىخىنى تەكشۈرۈش خاتىرىسى

لولۇلۇ

ئۇيغۇر مىللىي تىبابىتىنىڭ تارىخى ناھايىتى ئۇزۇن بولۇپ، قەدىمقى ئۇيغۇر مىللىتى مەشھۇر تېۋىپلىرىنىڭ تىببىي دورىگەرلىك ھەققىدىكى بەزى مەخسۇس ئەسەرلىرى بولغان. ئەمما، نۇرغۇنلىغان چوڭ ئۆزگىرىشلەر تۈپەيلىدىن كوپ قىسمى يوقىلىپ كەتكەن. بۇ قىممەتلىك تىببىي مىراسلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، 1979-يىلدىن باشلاپ، 10 مىڭ يولدىن ئوشۇق يول بېسىپ تۈمەندىن ئارتۇق كىتاپ، ماتېرىياللارنى ئاختۇرۇپ كورۇپ چىقتى. 100 دىن ئارتۇق پىشقەدەم ئۇيغۇر تېۋىپلىرىنى زىيارەت قىلدى. بەزى تارىخى قەدىمقى شەھەرلەر، خارابىلارغا بېرىپ، نۇرغۇنلىغان تارىخى ماتېرىياللار ۋە ئەمىلى نەرسىلەرنى تېپىپ چىقىپ، دەسلەپكى قەدەمدە ئۇيغۇر تىبابىتىنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى ئىگەللەپ چىقىپ، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تىببىي دورىگەرلىكىنى مۇندىن كېيىن تېخىمۇ ياخشى تەتقىق قىلىشقا ئاساس سېلىپ بەردى. بۇ ۋەتەن تىبابىتى تارىخىغا قوشقان مۇھىم تۆھپە.

تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى خىزمىتىنى جايلارنىڭ ئۆزىگە بېرىپ قەدىمىي كىلاسسىك ئەسەرلەرنى ئاختۇرۇپ كورۇش ۋە خەلق ئارىسىغا تارقالغان تىببىي كىتاپ، دورا رېتسېپى،

دورا سايمانلىرى قاتارلىقلارنى يىغىشتىن باشلىدى. تارىخى كىتاپلاردىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، ئەينى يىللاردىكى قەدىمى يىپەك يولىدا سودىگەرلەر بىرىپ-كېلىپ تۇرغان، سودا-سېتىق ئىشلىرى گۈللەنگەن، "دورا پۇرۇچ"، "تىببى مۇرت"لار پائالىيەتلىرى ناھايىتى ئەۋج ئالغان ئىدى. شۇڭا، تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى يىپەك يولىنى بويلاپ تەكشۈرۈشنى قارار قىلدى. ئۇلار: دۇڭخۇاڭ، كۇچار، قەشقەر، خوتەن، تۇرپان، جىمسار، گۇچۇڭ، لەنجۇ قاتارلىق مۇھىم جايلارغا ھەم يىپەك يولىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نۇقتىسى شىئەنگىچە باردى؛ ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار يەنە بېيجىڭ، نەنجىن، ياڭجۇ، جىڭجياڭلارغا، ھەتتا شەرقى دېڭىز قىرغىقىدىكى چۇەنجۇ، شيامىن قاتارلىق جايلارغىچە باردى.

1979-يىلى كۈزدە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ مەسئۇلى سۈن جيەندي ۋە گۇرۇپپا ئەزاسى تۇرسۇنجان قاتارلىق يولداشلار ئىلگىرى-كېيىن، قەشقەر، خوتەن قاتارلىق جايلاردا 50 تىن ئارتۇق ئۇيغۇر تىببى-دورىگەر خادىملىرىنى زىيارەت قىلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە زۇننۇن قارى، ئىبلىخان، ئەمەت ھاجى، باۋۇدۇن جامالىدىن قاتارلىق پىشقەدەم تېۋىپلار ھەمدە يۈز ياشلىق ياشانغان تېۋىپ تۇردى ھاجىم بار. ئۇلار، سەھىيە نازارىتىنىڭ ئۇيغۇر تىبابەت تارىخىنى تەكشۈرۈپ، رەتلەيدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئادەتتىن تاشقىرى خوشال بولدى ھەمدە تەشەببۇسكارلىق بىلەن تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىغا ئۆزلىرىنىڭ تىببى پائالىيەتلىرىنى ئۇيغۇر تىبابىتىنىڭ نەزىرىيىلىرى، تارىخى ۋە ئالاھىدىلىكىنى تونۇشتۇردى ھەمدە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىغا ياردەملىشىپ، خەلق ئارىسىغا تارىلىپ كەتكەن تىببى ئەسەرلەرنى يىغىشىپ بەردى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى نەچچە ئەۋلات تىببى-دورىگەرلىك بىلەن شۇغۇللانغانلار بولۇپ، كۆپىنچىسى ياشانغان، بىلىمى كۆپ مەشھۇر تېۋىپلاردۇر. ھەرقايسىسىنىڭ ئۆزىگە خاس ئارتۇقچىلىقلىرى بولۇپ، بەزىلىرى پارىسچىنى بىلسە، بەزىلىرى ئەرەپچە؛ بەزىلىرى ئوردوچىنى بىلىدۇ. ئۇلاردا ھەر خىل تىللاردىكى تىببى-دورىگەرلىك كىتاپلىرى بار. تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىدىكى يولداشلار تېۋىپلارنىڭ ئۆيلىرىگە بىرىپ، كۆپ تەرەپلىمىلىك ئىزدەندى، نەدە قەدىمى تىببى كىتاپ بارلىقىنى ئاڭلىسا، دەرھال شۇ يەرگە بىرىپ سۈرۈشتۈرۈپ يۇقۇرى باھادا سېتىۋالدى. ئۇلار شەخسەن ئۆزلىرى خوتەن، تۇرپان، جىمسار قاتارلىق جايلاردىكى قەدىمى شەھەر خارابىلىرىغا باردى، مەدەنىيەت يۇرتلىرىنى زىيارەت قىلدى، ھەتتا ئەركىن بازارلاردىكى كىچىك تەنزىلەرنى قويماي ئىزدەپ چىقتى. ئاخىرى بىر تۈركۈم دورا سايمانلىرى ۋە تىببى كىتاپلارنى يىغىپ توپلىدى. بۇ كىتاپلار خەنزۇ، ئۇيغۇر، قەدىمقى ئۇيغۇر ۋە بەزىلىرى سوغدى، قارۇشتى يېزىقلىرىدا يېزىلغان بولۇپ، ناھايىتى قىممەتلىك ماتىرىياللاردۇر. ئۇلار يەنە 1981-يىلى شىزاڭ ئاپتونوم رايونىدىن رايونىمىزغا ئېكىسكۇرسىيىگە كەلگەن تىبەت تېۋىپلىرى ۋەكىللەر ئۆمىكىدىن، 8-ئەسىردىكى قۇمۇللۇق مەشھۇر تېۋىپ شىراخان يازغان ئەسەر «ھايات تەننى تەكشۈرۈش» ۋە «جەسەدنى ئېنىقلاش ئاتلىسى» ھەققىدە خاتىرىلەنگەن مۇناسىۋەتلىك ماتىرىياللارغا ئىگە بولدى. تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى بېيجىڭدىكى ۋاقتىدا، بېيجىڭ كۇتۇپخانىسىدىن يۈەن دەۋرىدىكى "مەركەز شەھەر دورىخانىسى" تەرىپىدىن خەنزۇ ۋە ئەرەپ يېزىقىدا يېزىلغان 36 توملۇق تىببى ئەسەرنىڭ ساقلىنىپ قالغان تولۇق بولمىغان 4 تومىنى تېپىپ چىقتى.

دۇڭخۇاڭنىڭ مىڭ ئۆي ئىچىدىكى ھەيكەل، نەققاشلىق، رەسىملەر ئىچىدە بۇددانۇم

ھېكايىلىرى ھەم ئەينى يىللاردىكى جەمئىيەت تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۇرىدىغان سىزما رەسىملەر بار. تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى دۆڭخۇاڭغا بارغاندىن كېيىن 296-نومۇرلۇق ئۆڭكۈردىكى بىرنەچچە تام رەسىملىرى ئۇلارنىڭ ناھايىتى چوڭ قىزىقىشىنى قوزغىدى. بىر رەسىمگە كوزى چوڭقۇر، قاڭشارلىق بىر تېۋىپنىڭ ياتقان بىر كېسەلنىڭ قوسىقىنى ئىككى قولى بىلەن سىلاۋاتقانلىقى، بېشىغا ئۈچلۈق كىگىز بوك، ئۈچىسىغا ئۇزۇن چاپان كىيگەن ھالدا پۈتۈن دىققىتى بىلەن كېسەلنى ئىنچىكە تەكشۈرۈۋاتقانلىقى سىزىلغان ئىدى. بۇ رەسىمدىن ئانچە يىراق بولمىغان جايدا، بىر توپ كىشىلەرنىڭ بىر توگىنىڭ ئەتراپىدا ئالدىراش ئىكەنلىكى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىر كىشىنىڭ كالا مۈڭگۈزى نوۋكاچىقا قاچىلانغان دورىنى توگىنىڭ ئاغزىغا قۇيىۋاتقانلىقى سىزىلغان ئىدى. تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىدىكى سۇن جيەندى، تۇرسۇنجان، ۋاڭ دىڭجىڭ، گې شيەنجى قاتارلىق يولداشلار مۇنداق تونىدى: بۇ رەسىملەر دەل جانلىق، ھەققى ھالدا ئەينى يىللاردىكى يىپەك يولى تىببى-دورىگەرلىك پائالىيەتلىرىنى قايتا نامايەندە قىلدى، تېۋىپنىڭ كېسەل قوسىغىنى سىلاۋاتقانلىق ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئاشۇ ۋاقىتلاردا ئاللىبۇرۇنلا قوساقنى سىلاپ تەكشۈرۈش ئۇسۇلى بار بولغان، ھالبۇكى قوساقنى سىلاپ تەكشۈرۈش تومۇر تۇتۇشتىن كېيىن ئېلىپ بېرىلىدىغان بىر خىل ئىلغار دىياگنوز قويۇش ئۇسۇلىدىن ئىبارەت. قەدىمقى ئۇيغۇر تىببى-دورىگەرلىكى بىر مەزگىل ناھايىتى گۈللەنگەن بولۇپ، شىئەنگە ھەتتا شەرقىي جەنۇپ دېڭىز قىرغاقلىرىغىچە تارقىلىپ بارغان. ياڭجۇ، سۇيتاڭ دەۋرىدىكى سودا شەھىرى بولۇپ، غەربىي رايون راھىپ، سودىگەرلىرى ئۇزۇلمەي بۇ يەرگە كېلىپ تۇراتتى. تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىدىكى تۇرسۇنجان، چاڭ ۋىگو، گې شيەنجى قاتارلىق يولداشلار ياڭجۇ مۇزېيخانىسىدا بىر قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىغىدىكى قەۋرە تېشى بارلىقىنى كورگەن، ھەم ياڭجۇغا يېقىن جايدىكى دېڭىزدىن سۇزۇپ ئالغان بىر قەدىمى كېمىگە قاچىلانغان دورىلار ئىچىدە، شىنجاڭدىن چىقىدىغان نوشۇدۇر دەپ ئاتىلىدىغان بىر دورىنىڭ بارلىقىنى كورگەن. سۇن جيەندى قەشقەر ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك شىپاخانىسىدىن ئېگە بولغان ياپونچە كىتاپتا، ياڭجۇلۇق راھىپ ئۇستاز جيەن جېننىڭ نەچچە قېتىم دېڭىزدىن ئوتۇپ مەغلۇپ بولۇپ، كوزى كورمەس بولۇپ قالغانلىقى، ھەر تەرەپلىمە داۋالانغان بولسىمۇ، ساقايمىغانلىقى، كېيىن بىر غەربىي رايوندىن كەلگەن كىشىنى تەكلىپ قىلىپ ئوپېراتسىيە قىلدۇرغانلىقى سوزلەنگەن. بۇنىڭدىن ئەينى ۋاقىتلاردا ئۇيغۇر تېۋىپلىرىنىڭ ئاللىبۇرۇنلا تاشقى كېسەللىكلەر ئوپېراتسىيىسىنى قىلالايدىغانلىقىنى كورۇۋالغىلى بولىدۇ.

تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىدىكى يولداشلار توپلىغان-رەتلىگەن ماتېرىياللار ئىچىدە، مەملىكىتىمىزنىڭ نۇرغۇن تىببى ئەسەرلىرىدە، ئاز بولمىغان ئۇيغۇر تىبابەت رېتسىپلىرىنى قوبۇل قىلىپ يېزىپ ئېلىنغانلىقىنى بايقىدى. مىلادى 659-يىلى نەشردىن چىققان «يېڭىدىن رەتلەنگەن گىياھلار قامۇسى» مەملىكىتىمىزنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى دورا قامۇس (فارماكوپىيە) كىتاۋى بولۇپ، كىتاپتا يېزىلغان 850 خىل دورا ئىچىدە 114 خىلى غەربىي رايوندىن چىقىدىغان دورىلار يېزىلغان. تاڭ دەۋرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى چوڭ تېۋىپ سۇن سىمياۋ يازغان «بىباھالىق غەيرى رېتسېپلار» دېگەن ئەسەردە، ھازىرغىچە ئۇيغۇر تېۋىپلىرىنىڭ نەزىرىيىۋى ئاساسى بولۇپ كېلىۋاتقان، غەربىي رايون تىبابىتىدىكى "ئوت، ھاۋا، سۇ، تۇپراق" تىن ئىبارەت 4 ئاناسىر تەلىماتى بايان

قىلىنغان، بۇ ئەسەردە يەنە ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ بەرەس كېسەللىكىنى داۋالايدىغان تەجرىبىدىن ئۆتكەن رېتسېپلىرى ۋە ھەك لىيۆدىن تالقىنى قاتارلىق رېتسېپلار يېزىلغان. ھەك، شىنجاڭدىن چىقىدىغان يەرلىك ئالاھىدە دورا ماتېرىيال بولۇپ، ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ بەرەس كېسەللىكىنى داۋالاشتىكى ئەنئەنىۋى ئۇسۇلىدا، ئۇ، ھازىرغىچە ئىشلىنىپ كەلمەكتە. سۇن سىمياۋنىڭ يەنە بىر ئەسىرى «بىباھالىق مۇھىم رېتسېپلار»نىڭ 15 - تومىدا ۋە تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى يەنە بىر تېۋىپ ۋاڭ جۇ يازغان، «ۋەيتەي مەخپى رېتسېپلىرى»نىڭ 14 - تومىدا «تۇرپان ئۇمۇر ئۇزارتىش قايناتمىسى» خاتىرىلەنگەن. تۇرپاننىڭ قەدىمقى ئورنى ھازىرقى ئىدىقۇت قەدىمى شەھىرىدىن ئىبارەت. سۇن سىمياۋنىڭ «كىچىك نۇسخىلىق ئۇمۇر ئۇزارتىش قايناتمىسى»، «تۇرپان ئۇمۇر ئۇزارتىش قايناتمىسى» رېتسېپىغا ئاساسەن بەزى دورىلارنى قوشۇپ، بەزىلىرىنى قىسقارتىپ ئىشلەنگەن رېتسېپ بولۇپ، بۇمۇ خەنزۇ تېبابىتىنىڭ ئۇيغۇر تېبابىتىدىن ئۆگەنگەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان بىر مىسال. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى دورىگەر تېۋىپ لى شىجېڭ «گىيالار قامۇسى» دېگەن ئەسەرىدىمۇ چېگرا رايونىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىستىمال قىلىدىغان قوي ھەققىدە خاتىرىلەنگەن بولۇپ، "بەدەننى قۇۋۋەتلەپ، ماغدۇرنى كۆپەيتىدىغان كۈچ ئالغان كېسەلنى، سوغاقتىن بولغان بەزگەكنى داۋالايدىغان ئۈنۈمگە ئىگە" دەپ يېزىلغان. نەنجىن كۇتۇپخانىسىدا تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىدىكى خادىملار بىر قەدىمي كىتاپتا يۈەن سۇلالىسى ھەربى قوشۇنلىرىنىڭ ئۇيغۇر تېۋىپلىرى ئىشلەتكەنلىكى ھەققىدە يېزىلغانلىقىنى بايقىغان. ئۇنىڭدا مۇنداق دەپ يېزىلغان: يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى بىر سەركەردە ئەسكەر باشلاپ سىچۈەندە ئۇرۇش قىلغاندا، ئەسكەرلەر ۋابا كېسەللىكىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغان، ئۇيغۇر ھەربى تېۋىپى يوجىران يەھيا "بۇيرۇققا بىنائەن دورا ياساپ ئەسكەرلەردىكى ۋابانى داۋالىغان". تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىدىكىلەر يەنە «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» دېگەن كىتاپنىڭ 88 - تومىدا، يۈەن سۇلالىسىنىڭ چوڭ پايتەختى بېيجىڭدا ۋە كىچىك پايتەختى (ئىچكى موڭغۇلنىڭ دورۇن ناھىيىسى چېگرىسى ئىچىدە)دە مەخسۇس قەدىمقى ئۇيغۇرلار دورىخانىسى تەسىس قىلىنغانلىقى ۋە "قەدىمقى ئۇيغۇرلارنىڭ دورا ئىشلىرىنى تۇتقانلىقى" ھەققىدىكى خاتىرىلەرنىڭ بارلىقىنى كۆرگەن. بۇ ھەر خىل ئىشلاردىن، غەربى رايون تېببى دورىگەرلىكىنىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلەردە تارقاتقانلىقى، چوڭقۇر ۋە كەڭ تەسىرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىدىكى يولداشلار نۇرغۇنلىغان تارىخى كىتاپ ۋە مەدىنى يادىكارلىقلاردىن، ئۇيغۇر تېبابىتى تەرەققىيات جەريانىدا، ئۈزلۈكسىز ھالدا خەنزۇ، ئەرەپ، پارس، ھىندى تېبابەتلىرىنىڭ جەۋھەرلىرىنى قوبۇل قىلىپ ئۆزىنى بېيىتقانلىقىنى، ئۇستۇرگەنلىكىنى كۆرۈۋالدى. بولۇپمۇ خەنزۇ تېبابىتى تەسىرىنىڭ تېخىمۇ كۆپلىكىنى ئۇچراتتى. نەزىرىيە جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ "توت ئاناسىر (ئوت، ھاۋا، سۇ، تۇپراق)" "توت خىلىت (قان، بەلغەم، سەپرا، سەۋدا)" تەلىماتى خەنزۇ تېبابىتىدىكى بەش ئاناسىر (مېتال، ياغاچ، سۇ، ئوت، تۇپراق)"، "توت تەكشۈرۈش، (قاراپ، سوراپ، ئاڭلاپ، تۇتۇپ، تەكشۈرۈش)" لەر بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدىغان يەرلىرى بار. قۇرۇق يىڭنە سانچىش، داغلاش خەنزۇ تېبابىتىنىڭ ئاجايىپ ھۈنىرى بولۇپ، تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىدىكى يولداشلار، شىئەن كۇتۇپخانىسىدىن، بۇ ھۈنەرنىڭ ئاللىقاچانلا شىنجاڭغا تارقالغانلىقىنى

تەكشۈرۈپ ئېنىقلىدى. ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى فارابىدىن ئۇگەندىم، دەپ ئېتىراپ قىلغان كېيىنچە ئالەمشۇمۇل تاشقى كېسەللىكلەر مۇتەخەسسىسى بولۇپ يېتىشكەن ئىبنى سىنامۇ قۇرۇق يېڭنە سانچىش، داغلاش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىپ كېسەل داۋالىغان. تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى يەنە بىر قەدىمقى كىتاپتىن غەربى رايوندىكى «قۇرۇق يېڭنە دوكتۇرنىڭ شاگىرتلىرىغا دەرس بەرگەن» لىگگە ئائىت خاتىرىلەرنى تېپىپ چىقتى. ئۇ ۋاقىتلاردىكى شىمالى ئوردا (يەنى هازىرقى جىمسار ناهىيىسى) دە «تىۋىپ دوكتۇر» ۋە «قۇرۇق يېڭنە دوكتۇرى» لىرى ئاچقان قۇرۇق يېڭنە سانچىش، داغلاش ئۇسۇلى بىلەن كېسەل داۋالاش سىنىپلىرى بار ئىدى. قوجو (تۇرپان) خارابىلىغىدىن چىققان بىر تۇركۇم دورا رېتسېپلىرىنىڭ كوپىنچىسى خەنزۇچە يېزىلغان، دورا ئىشلىتىشمۇ كوپىنچە ئىچكىرى ئولكىلەردىكى خەنزۇ تىبابىتى بىلەن ئوخشىشىپ كەتكەن. بۇلاردىن باشقا، خەنزۇ تىبابىتىنىڭ مەشهۇر تىببى ئەسەرلىرى، مەسىلەن، «ئىچكى كېسەللىكلەر رىسالىسى»، «ئەۋلىيادىخاندنىڭ گىيالار رىسالىسى»، «گىيالار توپلىمى» قاتارلىقلارنىڭ هەممىسى تارىلىپ شىنجاڭغا كەلگەن، بۇلارنىڭ ئىچىدە يەنە «قىيىن كېسەللىكلەر رىسالىسى»، «گىيالار توپلىمى» قاتارلىق تىببى ئەسەرلەر ئەن زاڭ دەپ ئاتىلىدىغان تەرجىمان تەرىپىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان.

ئۇيغۇر تىبابىتى تارىخىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى 3 يىل جاپالىق خىزمەت قىلىش ئارقىسىدا، مول نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. بۇ، ئۇيغۇر تىبابىتى مىراسلىرىنى قېزىپ رەتلەشتىكى خوشاللىنارلىق بىرىنچى قەدەم بولۇپ هېساپلىنىدۇ.

"1982 - يىلى 2 - ئاينىڭ 6 - كۈندىكى خەنزۇچە شىنجاڭ گېزىتىدىن ئېلىندى".

ئابدۇرېهىم قادىر تەرجىمىسى

# ئۇيغۇر تىبابەتچىلىگىنىڭ قىسقىچە تارىخى تەسۋىرى

ماقالەمگە سەهىيە نازارىتىنىڭ نازىرى يولداش ئىسهاقجان، شىنجاڭ داشۆبىدىن دوتسېنت ئابدۇشۇكۇر مەهەممەت ئىمىن، سەهىيە نازارىتىدىن ئىنايىتۇللا ئاكا ۋە ئابدۇلهەق ئاكىلار هەر جەهەتلىمە كوپ ياردەم بەردى. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن بۇ يولداشلارغا سەممىي رەخمەت ئېيتىمەن.

مەهەممەت ئومەر مەنسۇر هاجى

1983 - يىلى 3 - ئاي (ئۈرۈمچى)

## 1

ئۇيغۇر تىبابەتچىلىگى 2500 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە بولۇپ، قەدىمقى تىبابەتچىلىك ئىلىملىرىنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئالەمگە مەشهۇر. ئۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كوپ ئەسىرلىك هايات تارىخى ئەمەلىيىتىدىن ئالدى بىلەن ماددى ئىشلەپچىقىرىش ۋە تىببى داۋالاش ئەمەلىيىتىدىن يەكۈنلەنگەن تىببى كوز قاراش، كېسەلشۇناسلىق، دورد-

گەرچىلىك، ساقلىقنى ساقلاش (ھىپزىسەھەت) ۋە داۋالاش تەجرىبىلىرىنىڭ بىر يۈرۈش سىستېمىسىدىن ئىبارەتتۇر. ئۇنىڭ ھەر خىل كېسەللەرنى داۋالايدىغان ئۆزىگە خاس تەجرىبىسى ۋە ئالاھىدە داۋالاش ئۇسۇللىرى بولۇپلا قالماي، بەلكى بەزى تەرسا، سوزۇلما كېسەللىكلەرنى، جۈملىدىن بەزى خىلدىكى (سەرتان راك)، شېكەر سىيىش كېسىلى (دىئابېت)، چاشقان يارىسى (لىمفا تۇبېركۇليوزى)، بەرەس (ئاق كېسەل)، يۈرەك كېسىلى، سوزۇلما بۆرەك كېسىلى، نېرۋا ئاجىزلىقى ۋە باشقىلارنى، تېرە كېسەللىرى، ئۇستىخان كېسەللىرىنى ئىزاھلاش، - داۋالاش جەھەتلىرىدە كۆرۈنەرلىك، ئۈنۈملۈك تەدبىر ۋە تەجرىبىسى بار. ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى ئېلىمىز تىبابەتچىلىك غەزىنىسىنى بېيىتىش ئۈچۈن، ئومۇمەن مىدىتسىنا ئىلمىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تۆھپىلەر قوشقان. بۇندىن كېيىنمۇ داۋاملىق تۆھپىلەر قوشىدۇ.

ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى — تىببىي پائالىيەتنىڭ بىر تارمىقى سۈپىتىدە، تىب ئىلمىنىڭ بىر تارمىقى سۈپىتىدە تەبىي پەن ھېساپلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئىنساندىكى كېسەللىكنىڭ تاشقى ۋە ئىچكى شەرتلىرى، ھەرخىل كېسەللىكلەرنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبى ۋە خاراكتېرى، دورىلارنىڭ شىپالىق خۇسۇسىيەتلىرى، كېسەللەرنى داۋالاش - كۈتۈشنىڭ ئوخشىمىغان تەلەپلىرى توغرىسىدىكى چۈشەنچە ۋە تەدبىرلىرى بىۋاستە تىببىي ئەمەلىيەت ۋە ئۇنىڭ تارىخىي رىۋاجى ئاساسىغا قۇرۇلغان.

ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى پۈتكۈل تىب ئىلمى ۋە ئۇنىڭ ھەر قايسى تارماقلىرىغا ئوخشاش ئۆزىنىڭ يىراق شەكىللىنىش ۋە راۋاجلىنىش جەريانىدا خۇراپىي ئېتىقادلار، زىيانلىق ئادەتلەر ۋە ساختا ئىرىم قاتارلىقلار بىلەن داۋاملىق كۈرەش قىلىپ كەلگەن. بۇ كۈرەش بەزىدە ئوچۇق - ئاشكارا، بەزىدە بىر خىل دىن ۋە ئېتىقاتتىن ئىككىنچى خىل دىن ۋە ئېتىقاتقا كۆچۈشنىڭ ئىنكاسى سۈپىتىدە ئىپادىلىنىپ بېرىلگەن. شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى كامالەتكە ئېرىشىپ بىر يۈرۈشلەشكەن داۋالاش سىستېمىسى بولۇپ شەكىللەنگەندىن كېيىنمۇ، ئۇنىڭدا ئەمەلىيەت ۋە پەننىڭ ئۆزلۈكسىز تەرەققىياتى داۋامىدا شاللاپ تاللىنىشى لازىم بولغان بەزى نامۇۋاپىق ئامىللار مەۋجۇت بولغىنىدەك، ئۇيغۇر خەلقى ۋە ئۇنى شەكىللەندۈرگەن ئىپتىدائىي ئۇرۇق ۋە قەبىلىلەرنىڭ قەدىمقى تىببىي كۆزقاراش ۋە داۋالاش تەدبىرلىرىدىمۇ نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك، ھەتتا چوڭقۇر تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدىغان ئىنتايىن قىممەتلىك مۇۋەپپەقىيەتلەرمۇ بار. ئۇلار بىۋاستە ئەمەلىيەتتىن كېلىپ چىققان، ئەمەلىيەت جەريانىدا تەكرار ئىسپاتلانغان ساددا ماتېرىيالىستىك ۋە باشلانغۇچ دىيالېكتىك ئامىللار ئاساسىغا قۇرۇلغان.

ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك ئىلمى يالغۇز يېقىنقى زامانىنىڭ ياكى ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى پەن - مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرى، فارابى، ئىبنى سىنا تىببىي تەلىماتلىرىنىڭ مەھسۇلى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇزاق تارىخىي تەرەققىياتنىڭ مېۋىسى. ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى ئۇيغۇر خەلقىنى شەكىللەندۈرگەن ئەڭ قەدىمقى قەبىلىلەرنىڭ جۈملىدىن غوزلار، باسمىل، ياغما، قارلۇق قاتارلىق نۇرغۇنلىغان قەبىلىلەرنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىنىڭ ھەر قايسى باسقۇچلىرىدا تۈرلۈك كېسەلشۇناسلىق، ئۇسۇمچىلۇق، دورىگەرچىلىك ئۈستىدە ئېلىپ بارغان ئىپتىدائىي تەجرىبىلىرى ۋە تۈرلۈك ئەم - ئىرىم ئۇسۇللىرىنى ئۆزئىچىگە ئېلىپلا قالماستىن، ئۇ يەنە تۈركىي خەلقلەرنىڭ جۈملىدىن ئاناۋ، تاقار، قاراموق مەدەنىيىتى دەۋرىدىكى خەلقلەرنىڭ،

ماسساگېتلار، سارماتىنلار، سكەت(سكىف)لار، ساكلار ۋە ياۋچىلار، ئۇيسۇنلار، سوغداق (سۇغدى)لار، خاقاسلار، هونلار، ئاۋارلار، كوك تۈركلەر، ئوغۇز ۋە قىپچاقلارنىڭ شۇ خىل تەجرىبىلىرى بىلەن ئەم-ئىرىم ئۇسۇللىرىنىمۇ قوبۇل قىلغان. ئەينى ۋاقىتتا ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى ۋە دورىگەرچىلىكىمۇ ئۆزىنىڭ تەجرىبە يەكۈنلىرىنى چەتكە چىقارغان. ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىگە ئېلىمىزدىكى هەر قايسى مىللەتلەر تىبابەتچىلىكىنىڭ (تۈبۈت «شىزاڭ» تىبابىتى، موڭغۇل تىبابىتىنىڭ) بولۇپمۇ جۇڭيى تىبابەتچىلىكىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغان.

ئەينى ۋاقىتتا تىبەت تىبابىتى، موڭغۇل تىبابىتى، جۇڭيى تىبابەتلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا بەلگىلىك هەسسە قوشقان①، خۇسۇسەن جۇڭيى تىبابىتىنىڭ دورىگەرلىك ئىلمىنى بېيىتىشتا ئالاهىدە تۆهپە قوشقان②③④.

ئېلىمىزدىكى هەر مىللەت تىبابەتچىلىكى كېسەلگە قارشى كۆرەشنىڭ ئورتاق قانۇنىيەتلىرىنى ئۈزلۈكسىز ئىگەللەش جەريانىدا، ئۆز ئارا ئۆگىنىپ، ئۆزئارا تەسىر كۆرسەتكەن. خۇددى باشقا ئىلىم-پەنلەرنىڭ راۋاجلىنىش قانۇنىيىتىگە ئوخشاش ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك ئىلمىمۇ ئۆزىنىڭ راۋاجلىنىش، تولۇقلىنىش جەريانىدا چەتئەللەرنىڭ جۈملىدىن هىندىستان، ئىران، يۇنان ۋە ئەرەپ تىبابەتچىلىكلىرى بىلەن هەر قايسى دەۋرلەردە ئۆزئارا تەسىر قىلىشقان ۋە بىر بىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكەن. مىلادىدىن ئىلگىرىكى برونزا مەدەنىيىتى ۋە «ئاتلىقلار» مەدەنىيىتى دەۋرىدىكى ئالتۇن يول، قاش تېشى يولى؛ مىلادىدىن كېيىنكى جىگىن (ئىپەك) يولى بويلاپ ئېلىپ بېرىلغان ئىقتىسادىي، مەدەنىي ئالاقىلار، مىلادىدىن ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى ياۋرۇپا، ئاسىيا مىللەتلىرىنىڭ كۆچۈشلىرى بۇ خىل ئۆز ئارا تەسىر قىلىشنىڭ، ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ تارىخىي ئېقىمىنى هاسىل قىلغان. چۈنكى شەرق بىلەن غەرپنىڭ قەدىمقى ۋە ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى ئىقتىسادى، مەدەنىي مۇناسىۋەتلىرى تارىخىدا شىنجاڭ مۇهىم ئۆتكەل بولۇپ كەلگەن. كلاسسىك نېمىس پەيلاسوپى گېگىل ئۆزىنىڭ «تارىخ پەلسەپىسى» ناملىق كىتاۋىدا: "بېللۇر تاغ تىزمىلىرى، ئالدىنقى ئاسىيا رايونلىرىنى — باكتىرىيە، سۇغدى، سىر دەريا ۋادىسى بىلەن چىن ئىگىزلىكىنى كېسىپ تۇرىدۇ. بۇ ئىگىزلىك قەشقەرگىچە سوزۇلغان" (218-بەت) دەپ يازسا، تارىخچى ئوسپۇپ ئۆزىنىڭ: «10-ئەسىرگىچە بولغان هىندىستان تارىخى» دىگەن كىتاۋىدا: قەدىمقى پەنجاپتىن شىنجاڭغىچە بولغان يوللاردىن ئىپار يولى، قۇلان يولى، تارىيول، بولان يوللىرىنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالغان. دىمەك بۇ يوللار يالغۇز قاش تېشى يولى ۋە ئىپەك يولى بولۇپلا قالماستىن، يەنە ئىپار دورا-دەرمەك يوللىرىمۇ بولغان.

---

① «تۇت تۇملۇق تىببى قامۇس» ناملىق تىبەت يېزىغىدىكى تىببى چوڭ ئەسەردە يېزىلىپ شىنجاڭنىڭ چۇمۇ دىگەن يېرىدىن تىبەتلىكلەر تەكلىپ قىلىپ ئاپارغان دىنى ئالىم ۋە ئاتاقلىق تېۋىپ جان باشلى يىللاردا ياشىغان تۈرك (ئۇيغۇر) ئالىمى بولۇپ، تىبەت يېزىغىدا «تىرىك بەدەن ئۆلچەملىرى»، «جەسەت رەسىم نۇسخىلىرى» دىگەن 2 مەشهۇر ئىلمى ئەسەر يازغان.

② شىننۇڭ بېنساۋ، ③ شىنشۇ بېنساۋ، ④ بېنساۋ گاڭمۇ ناملىق دورا قامۇسلىرىغا كۆپلىگەن ئۇيغۇر دورىلىرى قوبۇل قىلىنغان.

ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى ئۆز تەرەققىياتى جەريانىدا باشقا مىللىي تىبابەتچىلىكلەر ياكى چەتئەل تىبابەتچىلىكى بىلەن ئۆزئارا تەسىر قىلىشقان بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ ئۆز ئالدىغا تىببىي كۆزقاراشلار سېستىمىسى، كېسەللىكلەرنىڭ سەۋەپلىرى ھەم خاراكتېرى توغرىسىدىكى تەلىماتى، دورىگەرچىلىك ئۇسۇللىرى بار. بۇلار ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنىڭ خاس گەۋدىسىنى تەشكىل قىلىدۇ.

ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى ھەممىدىن بۇرۇن قايسى بىر مەشھۇر ھۆكۈما ياكى تېۋىپ تەلىماتلىرىنىڭ گەۋدىلىنىشى بولماستىن، بەلكى خەلقنىڭ، خەلق ئارىسىدىكى نۇرغۇنلىغان ئەمچى، ئاتاساغۇن ۋە باخشىلار①نىڭ ئىرىمچى ۋە تېۋىپلارنىڭ سان-ساناقسىز بىۋاستە ياكى ۋاستىلىق، مۇۋەپپەقىيەتلىك ياكى مۇۋەپپەقىيەتسىز تىببىي تەجرىبىلىرى، دىرىگەرچىلىك ئىختىرالىرىنىڭ توپلىنىش، رەتلىنىشى ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن، راۋاجلانغان. بۇ جەرياندا مەشھۇر ھۆكۈمالار ۋە تېۋىپلارمۇ مۇھىم تۆھپىلەرنى قوشقان.

ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى ئادەم بەدىنى ۋە بارلىق جانلىق ھاياتىي كەڭ تەبىئەتنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە چۈشىنىدۇ. ئومۇمىي بەدەننىڭ بىر پۈتۈنلىكىنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ. ئۇ ھاياتلىقنى تاشقىي مۇھىت شارائىتى بىلەن بىر پۈتۈن قىلىپ چۈشەندۈرىدۇ. ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى ئەڭ قەدىمقى شەرق ماتېرىيالىستىك تەلىماتلىرىنىڭ ساددا، بىراق ھەقىقىي كۆزقاراشلىرى بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ، كەڭ تەبىئەتنىڭ، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا ئالەمنىڭ ئاساسىنى سۇ، ئۇلاۋ (ئوت)، ھاۋا (قالىق)، تۇپراقتىن ئىبارەت 4 ئامىل (ئانا سۇر ئەربەئە) نىڭ زىددىيىتى ۋە بىرىكىشىدىن تەشكىل تاپقان دەپ قارايدۇ. ئىنسان ھاياتى تەبىئەتتىكى تۆت ئامىلنىڭ بىرىكىشىدىن تەركىپ تېپىش بىلەن بىللە، يەنە ئۇنىڭ دائىمىي بىۋاستە تەسىرى ئىچىدە بولىدۇ، دەپ چۈشەندۈرىدۇ.

بۇ قەدىمقى ئەجداتلىرىمىزنىڭ تەبىئەتنى تونۇش كۆزقارىشىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلارنىڭ تەبىئەتنى بىلىشى ئەمەلىيەتتىن باشلانغان، ئەجداتلىرىمىز تۆت ئامىلدىن تولۇق بەھرىمەن بولغان. قەدىمقى ئەجداتلىرىمىز كۈننىڭ ئىسسىقلىق كۈچى بولمىسا زىرائەت پىشمايدىغانلىقىنى، يورۇقلۇق بولمىسا ھېچنەمە قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى، سۇ، ھاۋا بولمىسا ھايات بولمايدىغانلىقىنى، تۇپراق بولمىسا ماددا يېتىلمەيدىغانلىقىنى چۈشەنگەن.

تۆت ئامىل (تۆت زات) توغرىسىدىكى قەدىمقى ماتېرىيالىستىك تەبىئەت كۆزقارىشى قەدىمقى تۇرانى خەلقلەرنىڭ كۆزقارىشى بولۇپ، ئۇ كېيىنچە قىرىمدا ياشىغان يونان (گىرىك) تېۋىپلىرى، جۈملىدىن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 160 - يىلدا تۇغۇلۇپ 377 يىللاردا ۋاپات قىلغان مەشھۇر يۇنان دوختۇرى ھىپپوكرات (بەقرات) تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىپ، ئۇنىڭ پۈتۈن تىببىي كۆزقارىشىغا ئاساس بولغان. كېيىن ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئەرەپچىگە تەرجىمە قىلىنىپ، تۆت ئامىل (ئاناسۇر ئەربەئە) تەلىماتى كېيىنكى دەۋر ئەرەپ ئوتتۇرا ئاسىيا تىبابەتچىلىكىنىڭ ئاساسى نەزەرىيىسى بولۇپ قالغان. مەسىلەن: سوۋېت ئىتتىپاقى مېدىتسىنا پەنلەر ئاكادېمىيىسى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان پ. د. پېتروۋ مۇھەررىرلىگىدە تۈزۈلگەن «مېدىتسىنا تارىخى» ناملىق

①قەدىمقى تۈركى خەلقلەر، ئالىملار، ئىلىم ئەھلىلىرىنى "باخشى" دەپ ئاتىغان. كېيىنچە بۇ نام پېرىخونلارنى ئىپادىلەيدىغان ئاتالغۇغا ئايلاندى.

كىتاۋىنىڭ 1 - تومىدا ھىپپوكرات ئەسلى گرېك دوختۇرىنىڭ ئوغلى بولۇپ، ياش ۋاقتىدا قارا دېڭىزنىڭ شىمالىدا ئولتۇراقلاشقان سىكىفلار ئارىسىدا ياشىغانلىقى ۋە ئۇزىنىڭ تېببى كوزقارىشىغا ئاساس سالغان «ھاۋا، سۇ، تۇپراق» ناملىق رىسالىسىدا سىكىفلار تېبابەتچىلىگىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىغىنى بايان قىلغان دەپ يېزىلغان. («مېدىتسىنا تارىخى» 1 - تومىنىڭ 1957 - يىل خەنزۇچە نەشرى 57 - بەت). بۇ كىتاپتا كورسىتىلىشىچە پېرىكىل خانلىغى زامانىدا يوناندا سىكىف تېبابەتچىلىرى ۋە ئىرىمچىلىرى ھورمەتكە ئىگە بولغان ①. بۇ كىتاپتا يەنە ھىپپوكراتنىڭ «ئەمچىلىك ئەقىللىرى» ناملىق رىسالىسىدا تولاراق سىكىفلار ۋە ئاسىيا خەلقىنىڭ تېببى تەمسىللىرى توپلانغان دېيىلگەن. ھىپپوكرات توت زاتنى توت فىزىس (Fizis) دەپ ئاتىغان. توت خىلىت توغرىسىدىكى كوزقاراش يازما ئەدەبىياتتا ئەڭ دەسلەپ ھىپپوكرات ئەسەرلىرىدە ئۇچرىغان بولۇپ، ئۇ توت خىلىتىنى توت مىزاجنى (تېمپېرامېنت — 气质) دەپ ئاتىغان②. (ئىبنى سىنانىڭ جۇملىدىن ھىپپوكراتنىڭ «توت مۇجەز» تەلىماتىنى ئىۋان پاۋلوۋ «توت تېمپېرامېنت» دەپ ئاتايدۇ. مەسىلەن: خۇن مىزاجىنى سانگۋىنىك تېمپېرامېنت، سەپرا مىزاجىنى خولېرىك تېمپېرامېنت، بەلغەم مىزاجىنى فلېگماتىك تېمپېرامېنت، سەۋدا مىزاجىنى مېلانخولىك تېمپېرامېنت دەپ ئاتىغان).

سىكىفلار قەدىمقى تۈركى خەلقلەرىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، گرېتسىيە تارىخچىسى ھېرودوتۇس (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 484 - 425 - يىللار) جەنۇبىي ئالتاي، ئوتتۇرا ئاسىيادىن تاكى كاسپىي دېڭىز ۋە قارا دېڭىز ياقىسىغىچە بولغان قىپچاق دەشتىدە ياشىغۇچى خەلقلەرنى بىر مەنبە دەپ ھىساپلىغان ۋە ئۇلارنى «سىكىفلار» دەپ ئاتىغان. ئىرانلىقلار ئۇلارنى «ساكلار» دېيىشكەن. جۇڭگو تارىخچىسى سىماچيەن «تارىخنامە»سىدە ساكلارنى «سەيجۇڭ» دەپ ئاتىغان. م. ئى. ژوكوۋ تەھرىرلىگەندە بېسىلغان «دۇنيا ئومۇمى تارىخى» 1 - توم 626 - بېتىدە، سوڭەك سېلىشتۇرمىسى ئاساسىدىكى ۋە ئارخېئولوگىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى سېلىشتۇرۇش ئاساسىدىكى تەتقىقات بويىچە، ئاندىرىپوۋ ۋە سارماتىنلارنىڭ بىر ئۇرۇغداش مەنبەلىگىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، ئۇلار ساكلارنىڭ بىۋاستە ئاتا-بوۋىلىرى ئىكەنلىگىنى كورسىتىپ ئوتىدۇ، ئامېرىكا تارىخچىسى ۋىللىيام مىكگوۋىدىن ئۇزىنىڭ «ئوتتۇرا ئاسىيا قەدىمقى ئەللىرى تارىخى» ناملىق كىتاۋىدا «سارماتىن قەبىلىلىرىنىڭ بىر قىسمى بىر چاغلاردا موڭغۇل ئىگىزلىگىنىڭ غەربى قىسمىنى ئىگەللىگەن. شۇ چاغدا قەشقەرىيەنىڭ كوپچىلىك جايلىرىنى ئىگەللىگەن خەلقنىڭ ئىرقى ۋە تىلى ئېنىق ۋە شۇبھىسىز ھالدا سارماتىنلار بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان دەپ يازغان. تۈركشۇناس ۋ. ۋ. بارتولد كونا خارىزىم خارابىلىرىنى تەتقىق قىلىپ، ئۇنىڭدا سكەت (سىكىف) مەدەنىيىتى ئىزلىرى مەۋجۇتلىغىنى مۇقىملاشتۇرۇش بىلەن بىللە، ساكلارنى «شاھنامە» داستانىدا تەسۋىرلەنگەن تۇران قەھرىمانلىرى بىلەن بىر خەلق دېگەن مۇلاھىزىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

قەدىمقى گرېتسىيە تارىخچىسى ھېرودوتۇس ئوز ئەسىرىدە سىكىفلارنىڭ غەرپكە سۈرۈلگەن قىسمى قارا دېڭىز شىمالىدىكى جىملىيا قەبىلىلىرىنى جەنۇپقا قوغلاپ، شۇ جاي-

①②، م. ئى. ژوكوۋ مۇھەررىرلىگىدە تۈزۈلگەن «دۇنيا ئومۇمى تارىخى» 2 - توم 2 - كىتاپ 96 ۋە 197 - بەتلىرىگە قارالسۇن.

لارنى ئىگىلىگەنلىكىنى يازغان. ھېرودوتوس سكىفلار قارا دېڭىز شىمالىدا، قىرىمدا ئولتۇراقلاشقان دەۋردە ياشىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار ھەققىدە تەپسىلى ۋە بىۋاستە مەلۇمات يازغان. ئۇ، سكىفلارنىڭ خەنجەرنى «ئەكىنەك» دەيدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. ئۇ يەنە مەزكۇر خەنجەرنىڭ ئات قوشقان ھارۋىلىرىغا، چېدىرلىرىغا ۋە ئۇلارنىڭ دىنى مەبودلىرىغا قىزىققان. ئۇلاردىكى تەڭرى ۋە مەبودلارنى يونانچە تەرجىمە قىلىشتا قىينىلىپ، يونانلارغا ئوخشىمايدىغان پۈتۈنلەي باشقىچە خەلق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن. ھېرودوتوس ئۇلاردا دانلىق زىرائەتتىن باشقا پىياز، سامساق، پۇرچاق قاتارلىقلارنىڭ بارلىقىنىمۇ يازغان.

يۇقۇرقىلار تۆت ئامىل نەزىرىيىسى قەدىمقى تۈركى خەلقلەرنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ تەبىئەت ماھىيىتى ھەققىدىكى ساددا ماتېرىيالىستىك كۆزقارىشى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ نۇقتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ، تەتقىق قىلىپ مۇقىملاشتۇرۇش زۆرۈر.

بۇ ساددا ماتېرىيالىستىك چۈشەنچىلەر بىۋاستە ئەمەلىيەتتىن چىنىقىپ تونۇشتىن ئېلىنغان بولۇپ، ئىپتىدائى دۇنيا قاراشقا، جۈملىدىن ئىپتىدائى تىبابەتچىلىك كۆز قارىشىنىڭ شەكىللىنىشىگە كۈچلۈك تەسىر قىلغان.

قەدىمقى ئۇيغۇرلار ۋە تۇرانى خەلقلەر (جۈملىدىن سكىفلار) ئارىسىدىكى تۆت ئامىل تەلىماتى باشقا خەلقلەر ۋە مەملىكەتلەرنىڭ قەدىمقى تارىخىدىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. ھىندىستاننىڭ مىلادىدىن ئىلگىرىكى 2 ـ 3 ـ ئەسىرگە ئائىت «چارۋاقا» تەلىماتىدا ئالەم ئوت، سۇ، ھاۋا، تۇپراقتىن ئىبارەت تۆت زاتتىن تۈزۈلگەن ئىپتىدائى ماتېرىيالىستىك كۆزقاراش بولغان. ھىندىستاننىڭ تېخىمۇ قېدىمقى (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 7 ـ ئەسىردىكى) «ئۇپان شاد دەستۇرى» دا «ھاۋا ئالەمنىڭ مەنبى بولۇپ، سۇ، ئوت، نۇر، شامال، ھاۋا، ۋاقىت ئالەمنىڭ ئاساسى ماددىلىرى» دېيىلگەن، مەملىكىتىمىزنىڭ ئىپتىدائى جامائە تۈزۈمى ئاخىرلىشىش ۋاقتىدىكى باشلانغۇچ ماتېرىيالىستىك تەبىئەت كۆزقارىشى تېخىمۇ قەدىمى بولۇپ، «چى» (气) دىن ئىبارەت بوشلۇق ھەم ئېتىر (太) دىن بەش ئامىل (بەش زات)، ئالتۇن، ياغاچ، سۇ، ئوت، تۇپراق پەيدا بولغان، دەپ قارالغان. بۇ كۆزقاراش مىلادىدىن 5 ـ 6 ئەسىر ئىلگىرى ياشىغان لاۋزى تەلىماتىدا پەلسەپىۋى سىستېمىغا ئايلانغان ۋە جۇڭيى تىبابەتچىلىكىنىڭ نەزىرىيە ئاساسى بولۇپ قالغان.

تۆت ئامىل (تۆت زات) توغرىسىدىكى قەدىمقى ماتېرىيالىستىك تەبىئەت كۆزقارىشى ئاساسىدا ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنىڭ «تۆت خىلىت» تەلىماتى مەيدانغا كەلگەن. بۇ تەلىمات ئۈچ قەۋەت مەزمۇنغا ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭ بىرىنچىسى، ئىنسان ھاياتىنىڭ ئاساسى ۋە سىرتقى تەبىي شارائىتىنى تەشكىل قىلغان تۆت ئامىلنىڭ تۆت خىل ئوخشىمىغان خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولىشىدۇر. بۇلار: ھاۋانىڭ ھول ئىسسىقلىقى، ئوتنىڭ قۇرۇق ئىسسىقلىقى، سۇنىڭ ھول سوغۇقلىقى، تۇپراقنىڭ قۇرۇق سوغاقلىقىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭ ئىككىنچىسى، تۆت مىجەز ـ خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغان تۆت ئامىل (تۆت زات) نىڭ ئىنسان بەدىنىگە تەسىر قىلىشىدىن ھاسىل بولغان تۆت خىلىت بولۇپ، ئۇلار قان (خۇن)، سەپرا، بەلغەم ۋە سەۋدا قاتارلىق بىر ـ بىرىگە ئوخشىمىغان تۆت خىل بەدەن سۇيۇقلىقىدىن ئىبارەت. خىلىتلار ئىنسان بەدىنىدىكى ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىدىغان ماددا ئالمىشىش (مايەتە-

ھەللىلىۋل) ئارقىلىق سەرپ قىلىنىپ، يېڭىلىنىپ ۋە دەۋرى قىلىپ ئىنسان ھاياتىنىڭ ساغلاملىق
شەرتلىرىنى تەييارلايدۇ. خىلىتلارنىڭ ھەركەتچان تەكپۇكلىغىنىڭ بۇزۇلۇشى، كېسەللىكنىڭ،
مۇھىمى ئىچكى كېسەللىكنىڭ توپ سەۋەبىنى پەيدا قىلىدۇ. كېسەلنى ئېنىقلاشتا خىلىتلار
تەكپۇكلىغىنىڭ بۇزۇلۇش ئەھۋالىنى ئېنىقلاشتا — كېسەلنى داۋالاشتا خىلىتلار تەكپۇكلىغىنى
ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە، تەسىر كۆرسىتىشكە توغرا كېلىدۇ. ئىنسان بەدىنى تاشقى مۇھىت
بىلەن ئۆز ئارا بىرلىك ۋە زىددىيەت ئاساسىدا، ئىچكى خىلىتلار ئارىسىدىكى تەكپۇكلۇق ۋە
زىددىيەت ئاساسىدا ئۆزىنىڭ ھاياتلىق جەريانىنى داۋام قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈچىنچىسى تېخىمۇ
مۇھىم بولۇپ، ئۇ ھەر بىر كونكرېت ئادەمدە توت خىلىت زىددىيىتى ۋە تەكپۇكلىغىنىڭ
ئىپتىداللىق (نورماللىق) نۇقتىسى بىر خىل بولمايدۇ، دىگەن كوزقاراش ئۈستىگە قۇرۇل-
غان. بۇ كوزقاراش ئادەملەرنى تاشقى تىرە ئالاھىدىلىگىدىن تاكى نېرۋا ھەم روھىي
خۇسۇسىيەتلىرىگىچە توت تۈرلۈك خىلىتقا تەۋە مىزاجغا ئايرىپ چۈشەندۈرىدۇ. ئۇ بەزى
كىشىلەردە خۇن، بەزىلىرىدە سەپرا، يەنە بەزىلىرىدە بەلغەم، سەۋدا خىلىتى ئۈستۈنلۈككە
ئىگە بولىدىغانلىغى ئاساسىدا، باشقا ئۈچ خىلىت بىلەن ئۆزىگە يارىشا ئىپتىداللىقتا بولىدۇ،
دەپ قارايدۇ. ئۇيغۇر تىبابەتچىلىگى ئوخشىمىغان خىلىتلىق مىجەزدىكى كىشىلەرنىڭ ئىپتى-
داللىق شەرتلىرىنى ۋە ئۇنىڭ بۇزۇلۇش ھەم تۈزۈلۈش سەۋەپ نەتىجىلىرىنى ئالدىن
ئىگەللەپ، كونكرېت ئادەمنى كونكرېت داۋالاش تەدبىرلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشنى تەۋسى-
يە قىلىدۇ. مانا بۇ ئۇزاق تارىخى ئەمەلىيەتتە ئۈنۈم قازانغان ۋە كوپ قېتىم ئەمەلىيەت
تەرىپىدىن ئىسپاتلانغان داۋالاش ئۇسۇلىدۇر. ئۇيغۇر تىبابەتچىلىگى ئادەم ئورگانىزمى-
دىكى ماددا ئالمىشىش جەريانىدا يالغۇز خىلىتلارنىڭ كېسەللەندۈرۈش نەزەرىيىسى (خىلىت-
لار پاتولوگىيىسى نەزەرىيىسى) نى ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇش بىلەن چەكلەنمەيدۇ، ئۇ يەنە
كېسەلگە بىۋاستە سەۋەپ بولىدىغان يەل («باد»)، سېسىق گاز (ئوفۇنەت) كوزگە كو-
رۈنمەس جاندارلار (جاراسىملار) تۈرلۈك زەخىم-زەخمەت ۋە باشقىلارنىمۇ ئۆز نۆۋىتىدە
مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ كەلگەن.

ئۇيغۇر تىبابەتچىلىگىدە داۋالاش يالغۇز نوقۇل دورا ئارقىلىق داۋالاش بىلەن چەك-
لەنمەيدۇ. ئۇ كېسەل مۇھىتىنى ياخشىلاشنى، ئېغىر كېسەللەرنى ياتقۇزۇپ داۋالاشنى، رو-
ھى داۋالاشنى، ھاۋا يوتكەپ داۋالاش، كېسەل كىشىنىڭ قۇۋۋىتىنى ساقلاپ داۋالاش،
ئوزۇق بىلەن داۋالاشنى، دورا بىلەن داۋالاشنى، جۇملىدىن دورا ئىچكۈزۈش ۋە بەدەن
تېشىدىن دورا ئىشلىتىشنى، ئارشاڭ، ئاپتاپ نۇرى، قۇم بىلەن داۋالاش، لوڭقا قويۇش، ھۇق-
نە قىلىش، تېرىگە ئېلىش، يەرلىك ئىسسىق-سوغوق ئوتكۈزۈش، داغلاش، مەخسۇس پەللەرگە
دوراچېپىش (چىمكە، قولاق ئارقى، تاپان، ئالقان، ئىگىلچەك)، ئۇۋۇلاپ ئىشقاپ داۋالاش،
نەشتەر ئۇرۇش، قان ئېلىش، دەستكارە (ئوپېراتسىيە) قىلىش، سۇنۇق-چىقىقلارنى ئورنىغا
سېلىپ تېڭىپ، مۇقىملاشتۇرۇپ داۋالاش، كېسەلگە پەرھىز بۇيرۇش ئۇسۇللىرىنى بىرلەشتۈ-
رۈپ قوللىنىدۇ، ئۇ ھەرقاچان مۇھىتنى ياخشىلاش ۋە پۈتۈن ئورگانىزمىنىڭ جىسمانى
قۇۋۋىتىنى ياخشىلاشنى دورا بىلەن داۋالاشنىڭ ئالدىنقى شەرتى دەپ ھىساپلايدۇ. ئۇيغۇر
تىبابەتچىلىگى ئەتراپىمىزدىكى تەبىئەت دۇنياسىدا كېسەللىكنىڭ سەۋەپلىرى قانداق مەۋ-
جۇت بولۇپ تۇرىدىغان بولسا، ئۇنىڭغا تەسىر قىلىدىغان، قارشى تۇرىدىغان ئۈنۈملۈك
شىپا مەنبەلىرىمۇ خۇددى شۇنداق مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ — دەپ تونۇيدۇ، ئۇيغۇر تىۋىپلى-

رى دورا - دەرمەكلەرنى ئۇلارنىڭ ئەسلى كېلىپ چىقىش مەنبەلىرى ۋە كەيپىياتلىرىغا قاراپ تۇرۇپ تۆت خىل تەبەتكە ئايرىيدۇ. ئۇلارنى ئىسسىقلىق، سوغاقلىق، قۇرغاقلىق، ھۆللۈك تەبەتلىرى بويىچە كېسەل كىشىلەردىكى مىجەز بۇزۇلۇشلىرىغا قارىمۇ - قارشى ۋاستە سۈپىتىدە قوللىنىدۇ.

ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى ئوخشىمىغان ئىجتىمائىي شارائىتتا خەلقنىڭ ساقلىغىنى ساقلاش، كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش، كېسەللەرنى داۋالاش جەھەتتە بىر يۈرۈش تىببىي بىلىم سىستېمىسى سۈپىتىدە ئۇزاق تارىخنى بېسىپ ئۆتتى.

ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ راۋاجلىنىشى، پەن - مەدەنىيەتتىكى مۇھىم ئىختىرا ۋە كەشپىياتلار ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىگە ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسىتىپلا قالماي، قەدىمقى ۋە ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى دىنىي ۋە پەلسەپىلىك كۆزقاراشلارنىڭ تەسىرىمۇ خېلى زور بولدى. شۇنداق بولىشىغا قارىماي، ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى ئىلمى، تەبىي تونۇشنىڭ بىر تارمىقى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچى ھېساپلانغان تەبىي پەننىڭ بىر تارمىقى سۈپىتىدە، مۇھىم ماددىي ۋە مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش كۈچى بولغان ئادەمنىڭ سالامەتلىك شەرتلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان تىپ ئىلمىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە ساختىلىق، يامانلىق، خۇراپاتلىقلار بىلەن ئۇزاق مۇددەت كۆرەش قىلىپ كەلگەن بىر پەندىن ئىبارەتتۇر. ئۇنى سېھىرگەرلىك، پېرىخونلۇق قاتارلىق قالاق، خۇراپىي ساختىپەزلىكلەر بىلەن بىر قاتاردا قويۇش پۈتۈنلەي خاتا.

## 3

ئىنسانلار پەيدا بولۇش بىلەنلا ئىپتىدائىي تىبابەت بىخلىرى بارلىققا كېلىدىغانلىقى بارلىق ئالىملار بىردەك ئېتىراپ قىلغان كۆزقاراشتۇر، جۈملىدىن روسىيە فىزىئولوگى ئىۋان پاۋلوۋ "ئىنسانىيەت پەيدا بولغاندىلا مېدىتسىنالىق پائالىيەت باشلانغان. مېدىتسىنا تارىخىنى ئىنسانىيەتنىڭ يازما خاتىرىلەر يېزىشقا باشلىغان ۋاقىتتىن ھېساپلاش خاتا تونۇشتۇر" دەپ مەزكۇر كۆزقاراشنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرۈپ ئېيتقان.① بۈيۈك ئۇيغۇر ئالىمى مەخمۇت قەشقىرى بۇنىڭدىن مىڭ يىل ئىلگىرى يازغان «دىۋانى لۇغاتىت تۈرك» ناملىق مەشھۇر كىتاۋىدا ئۆزىدىن نەچچە ئەسىر ئىلگىرىكى خەلق قوشاقلىرىنىڭ كۆپلىگەن نەمۇنىلىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن ئىدى. ئۇلارنىڭ بىرى مۇنداق:

ئەردى ئۇزا ئەرەنلەر    ئەردەم بەرگى بىلىك تاغ
ئەجدى ئەكۈش ئاكوتلار    كوڭلۇم بۇلار ئاڭا ساغ

ئۇنىڭ مەناسى: ئۆتكەن قەدىمقى (ئۇزا) زامانلاردا بىلىم تېغىغا چىققان پەزىلەتلىك كىشىلەر بولغان ئىدى. ئۇلارنى ئەسلەش كۆڭۈلگە ساقلىق ئارام بېغىشلايدۇ، دېگەنلىكتۇر. بۇ تىبابەتچىلىكنىڭ يىراق ئۆتمۈشىگىمۇ تەئەللۇق بولۇپ، تىببىي بىلىمنىڭ شۇ دەۋرلەردىكى ئەڭ يۇقۇرى پەللىسىگە چىققان ئالىملارمۇ بولغان.

① ئى. پاۋلوۋ «تاللانغان ئەسەرلەر» 246 - بەت.

ئەڭ قەدىمقى تىبابى پائالىيەت بۇنىڭدىن 40 ـ 50 مىڭ يىللار ئىلگىرىكى ئەڭ كونا تاش قورال دەۋرىدە پەيدا بولغان. دەسلەپتە تىبابى قوغدىنىش ۋە داۋا ئىزلەش پائالىيەتلىرى ئوۋچىلىق جەريانىدا، بولۇپمۇ قەبىلىلەر ئۇرۇشلىرىدا ھەممە كىشىنىڭ پائالىيىتى بولۇشى مۇمكىن. ھەرقايسى مەملىكەتلەردە يەر ئاستىدىن قېزىپ ئېلىنغان تارىخى يادىكارلىقلاردا ئەڭ قەدىمقى زاماندىكى خەلقلەرنىڭ ھاياتىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان رەسىملەر، بۇيۇملاردا شۇنداق تەسۋىرلەر ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: قىرىم يېرىم ئارىلىدىكى كېرچى شەھرى يېنىدىكى قۇلئاب قەلئەسى قەبرىستانىدىن تېپىلغان ئىدىشقا سىزىلغان سىكىفلار ھاياتىنى ئەكس ئېتتىدىغان سۈرەتتە سۇنۇق تېڭىۋاتقان چىش تارتىۋاتقان، كىشىلەرنىڭ سۈرەتلىرى سىزىلغان. بۇنداق سۈرەتلىك قېزىلمىلار ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىدىنمۇ تېپىلغان. دۇڭخۇاڭ موگاۋ 296 ـ نومۇرلۇق غار ئىچىدە تۆركچە كىيىم كىيگەن، قاڭشا بۇرۇن، ئورا كوز تىۋىپ كېسەلنى ياتقۇزۇپ قوساقنى مۇجۇپ تەكشۈرۈۋاتقان رەسىمى ۋە توگىگە مۈڭگۈز ئەيچىدە دورا ئىچكۈزۈپ داۋالاۋاتقان رەسىملىرى بار①. بۇ 4 ـ 5 ـ ئەسىردىكى شىمالىي جۇۋ سۇلالىسى ۋاقتىدا غەربىي دىيار (شىنجاڭ)نىڭ تىبابى دورىگەرلىك مەدىنى مىراسلىرىدىن ئىبارەت.

ئىپتىدائىي تىبابى پائالىيەت يالغۇز دورا ـ گىيالار، تۇز ۋە ئارشاڭ سۇلىرىدىن پايدىلىنىش، زىيانلىق ھاشاراتلاردىن ساقلىنىش ئۈچۈن بەدەنگە ياكى پاقالچەككە سېغىز لاي سۈركىۋېلىش، يۈزىگە قېتىق سۈركەش، مايلاش، قاقلاش، كويدۈرۈش، قان چىكىش (قان ئېلىش)، ئىلمە (ياكى نوخۇلا)لارنى قىرقىش، قومغا كومۇش، سوگەت يوپۇرماقلىرىنى سوغاق سۇغا چىلاپ بەدەنگە تېڭىش، كېپەكنى قازاندا قورۇپ ئىسسىق ئوتكۈزۈش، گىيا سۈيىگە چۈشۈش، ھايۋان تېرىسىگە ئېلىش، ئوپكە تېڭىش، ئۇچۇغداش، قىزىشتۇرۇش، تۇتۇش، مۇجۇش، ئىشقىلاش، تېڭىقچىلىق، ئاددى ئوپېراتسىيە، كېسەل تارتقانلاردا سامساقنى بويۇنغا ئېسىۋېلىش، تۇزلۇقلارغا سامساق سېلىپ قويۇش، گىيالار بىلەن ئىسرىق سېلىش ۋە ئولگەنلەرنى مومىياغا ئېلىش قاتارلىق ماددى داۋالاش ۋاستىلىرىنى قوللىنىش بىلەنلا قالماستىن، يەنە روھىيەتچىلىك ۋاستىلىرىنى، تۈرلۈك ئىرىملارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. چۈنكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئىنتايىن تۆۋەنلىكى، تەبىئەتنى تونۇش ۋە ئۇنىڭ بىلەن كۆرەش قىلىشتىكى ئاجىزلىق ئىپتىدائىي جامائە كىشىلىرىنىڭ ئانىمىزىملىق (ھەرقانداق شەيئىنىڭ ئۆزىگە خاس روھى 〈جىنى〉 بولىدۇ، دەيدىغان خۇراپى كوزقاراش) ۋە ئىلاھىيلىك دۇنياقارىشىنى شەكىللەندۈرگەن. ئۇلار تەبىئەتنىڭ مەلۇم بىر قىسمىنى پۈتكۈل تەبىئەتتىن ئۈستۈن قويۇشقا، بوران، گۈلدۈرماما، چاقماق، كۈن، ئاي تۇتۇلىشى، چول ھادىسىلىرى، يۇقۇملۇق تارقىلىشچان كېسەللىكلەر ۋە باشقا ئاپەتلىك ھادىسىلەرنى سىرلىقلاشتۇرۇپ، ئىلاھلاشتۇرۇپ ئۇلاردىن تىلىنىشكە، ئۇلارنى مەدھىيىلەش، ئۇلارغا بېغىشلانغان سېغىنىش مۇراسىملىرى ئوتكۈزۈشكە كىرىشكەن. شۇنى كورستىپ ئوتۇش كېرەككى، ئەڭ ئىپتىدائىي تىبابى پائالىيەتلەر بىر تەرەپتىن بىۋاستە ماددى داۋالاش (ئەم قىلىش)تىن ئايرىلمىسا، يەنە بىر تەرەپتىن روھىيەتچىلىك

① ئۇيغۇر تىبابەت قىسقىچە تارىخي ماتېرىياللار توپلىمى خەنزۇچە (بىرىنچى) 1982·10 (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتى ئۇيغۇر تىبابىتى تەتقىقات ئىشخانىسى تۈزگەن)

ئامىللىرىنى سىرلىقلاشتۇرۇۋېتىش (ئىرىم قىلىش) بىلەن بىللە ئېلىپ بېرىلغان. ھازىر خەلقىمىزنىڭ جانلىق تىلىدا ساقلىنىپ قالغان "ئەم - ئىرىم" قىلىش سوزى شۇ خىل چۈ-شەنچىنىڭ قالدۇغىدىن ئىبارەت بولسا كېرەك.

ئىپتىدائى جامائەنىڭ بۇزۇلۇشى، سىنىپى تەبىقىلەرنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئەگىشىپ كوپ خىل مۇرەككەپ مەجۇدلار سېستىمىسىمۇ مەيدانغا كېلىدۇ. باش تەڭرى، ھامى تەڭرى، ھامى تەڭرىلەر، تەڭرى مۇئەككەللىرى، پىنھان (كورۇنمەس) ئەۋلىيالار، ئىزگۇ (ياخشىلىق) ۋە قاباھەت دېۋىلىرى قاتارلىق ئىلاھى دەرىجىلەر پەيدا بولىدۇ. ئاھالە ئىچىدىن ئايرىم رەمچى، مۇنەججىملەر، نەزىر - چىراق باشقۇرغۇچىلار، ئەم - ئىرىمچىلەر، سېھرىگەرلەر، باخشىلار ئايرىلىپ چىقتى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەڭ قەدىمقى ئاساسلىق دىنى ئېتىقادى ھېساپلانغان شامان دىنى ۋە شامان باخشىلىرى ئەنە شۇنداق كەسپى ئەم - ئىرىمچىلىقنىڭ نامايەندىسى سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەن ئىدى. شامان دىنى ئۇيغۇرلار ۋە پۈتكۈل تۈركى خەلقلەر تارىخىدا كەڭ تارقالغان، ئۇزۇن ساقلانغان ئىپتىدائى دىن. ئالا-ئىدىن ئاتاملىك جۇۋەينىنىڭ «تارىخى جاھان گوشى» ناملىق كىتاۋىغا ئاساسلانغاندا "شامان" سوزى "قامان" سوزىنىڭ ئوزگەرگەن ئىستىمالى بولۇپ، شامان دىندا دىنى راھىپنى "قام" ياكى "باخشى" دەيدۇ. تاڭنۇ ئۇلا تېغىنىڭ شىمالىدىكى ئۇرالتايدا باخشىنى "قام" دەپ ئاتىسا، سىبىرىيىلىكلەر "شامان" دەپ ئاتاشقان. ئۇيغۇرلار ئاتەش-پەرەسلىك (زەردەشت — زاراتوستىرا)نى، بۇددا دىنى، مانى دىنلىرىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىنمۇ شامان ئەم - ئىرىم قائىدىلىرى ئۇزىنىڭ تەسىرىنى يوقاتمىدى، بەلكى ئەينى زاماندىكى دىنى قائىدىلەرگە ياندىشىپ داۋاملىق ساقلاندى. ئىسلامىيەت دەستۇرلىرىدا كورسۈتۈلمىگەن، ھەتتا ئۇنىڭغا زىت بولغان نۇرغۇن ئېتىقات ۋە ئەم - ئىرىم قائىدىلىرى-نىڭ خەلق ئىچىدە ھازىرغىچە مەۋجۇت بولۇپ ئوز تەسىرىنى يوقاتمىغانلىقىنى كورسىتىپ ئوتۇش مۇمكىن. مەسىلەن: كېسەللەرنىڭ بېشىغا چاپانىدەك بىر نەرسە يېپىپ زاۋال ۋاق-تىدا ئوت ئايلاندۇرۇش (ئوتلاپ قېقىش)، كېسەك ياكى نان يارمىسىغا دەم سېلىپ كېچۈرۈشلەر ئاغرىقنىڭ بېشىغا قويۇلغان نانغا ئوت يېقىلغان نوكچا، بولۇڭلارغا نوكچا يېقىش شامان دىنى ئىرىملىرىنىڭ بىر قىسىم قالدۇقلىرىدىن ئىبارەت.

شامان دىنى تەبىئەتنى ئىلاھلاشتۇرۇش بىلەن بىللە، ئادەمنى، خۇسۇسەن ئولگەن ئادەمنىڭ روھىنى ئىلاھلاشتۇرۇش بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. شامان قائىدىلىرى بىر تەرەپ-تىن، ئولگەن ئەجدادلارنىڭ ئەرۋايى قايتا كېلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئەرۋايىنى سەرسان (ماكانسىز) قىلىپ خارلىماسلىق ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئىسمىنى ئوز ئەۋلاتلىرى (نەۋرە - چەۋرىلىرى)گە قويۇپ، ئۇلارنىڭ ئەرۋايىنى چىللاش لازىم دەپ قارايدۇ؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئالەم سان - ساناقسىز ئادەم ۋە ھايۋان ئەرۋاھلىرى بىلەن تولغان. ئۇلار ئىزگۇ (ياخشى) ۋە قەبىھ (يامان) ئىككى خىلغا بولىنىدۇ. يامان ئەرۋاھلار جىن - ئالۋاستىلار بولۇپ، ئىنسا-نىيەتنىڭ دۇشمىنى، كېسەللىك ۋە بەختسىزلىكلەرنىڭ مەنبەلىرى دەپ قارايدۇ. مۇشۇ تۈپ قاراشقا ئاساسلانغان شامان ئەم - ئىرىمچىلىكى، تىبابەتچىلىكى تەبىئەتكە قارشى كۈرەش قىلىشقا، جۈملىدىن جىن - ئالۋاستىلارغا قارشى كۈرەش قىلىشقا باغلىنىپ، بىراق بۇ كۈرەشنى يەنىلا دىنى خۇراپى ئۇسۇلدا ھامى ئىلاھلار ۋە ئىزگۇلۇك ئەرۋاھلىرىنى تەسىر-لەندۈرۈپ، ئۇلارنى چىللاپ، ئۇلارنىڭ ياردىمىدە يامان جىن - ئالۋاستىلارنى مەغلۇپ

قىلىشقا يولىنىپ ئېلىپ بارماقچى بولىدۇ. مەسىلەن: جىن - ئالۋاستىلارنى ئەپسۇن ئوقۇپ چۆللەرگە قوغلاش، بىر نەرسىگە بەند قىلىش، كومزەككە سولاپ سۇغا غەرق قىلىش ياكى كۆمۈپ تاشلاش، نەرسىگە ياكى ھايۋانغا كۆچۈرۈش، كېسەل كىشى ئۈستىدە قويۇپ كويدۇرۇش، ئوتلاپ قېقىش "كويدۇرۇۋېتىش"، مۇداپىيە تۇمارلىرى پۈتۈپ بويۇنغا ئېسىپ قويۇشقا ئوخشاش ۋاستىلار ئارقىلىق ئۇلارنى يوقاتماقچى بولىدۇ.

ئوتتۇرا ئاسىيادا ۋۇجۇتقا كەلگەن ۋە قەدىمقى ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئارىسىدا كەڭ تارقالغان ئاتەشپەرەسلىك—(«زەردەشت» «زاراتوستىرا،») دىنى توت ئامىل (توت زات) تىبابەتچىلىكى ۋە شامان ئەم - ئىرىم قائىدىلىرىنى سىقىپ چىقارمىدى، شامان دىنى يىراق مەركىزىي ئاسىيا رايونىدا — بايقال ساھىلى ۋە موڭغۇل دالالىرىدا تاكى 763 - يىلى تەڭرى قاغان بوكەخان مانى دىنىنى قوبۇل قىلغىنىغىچە (ئاھالە ئىچىدە ئۇنىڭدىنمۇ كېيىن) داۋاملىق ساقلاندى. شامان دىنى بۇ رايونلاردا قۇبلايخان دەۋرىدىمۇ كۈچلۈك تەسىرگە ئىگە بولغانلىقىنى ماركا پولو كوپ قېتىم قەيت قىلغان ئىدى.

زاراتوستىرا① ئىجات قىلغان ئاتەشپەرەسلىك دىنى ئالەمنى يورۇقلۇق ۋە قاراڭغۇلۇق، ياخشىلىق ۋە يامانلىق، پاكلىق ۋە ناپاكلىقتىن ئىبارەت ئىككى سۈپەتنىڭ كۈرىشى بىلەن تولغان، ئىنسان بولسا بۇ ئىككى سۈپەتنىڭ تالىشىدىغان نىشانى. ئالەمنىڭ راۋاجلىنىشى يورۇقلۇقنىڭ قاراڭغۇلۇق ئۈستىدىن، ياخشىلىقنىڭ يامانلىق ئۈستىدىن، پاكلىقنىڭ ناپاكلىق ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشىغا باغلىق دەپ ئىزاھلايدۇ.

زەردەشت دىنىنىڭ دىنى كىتاۋى «ئاۋستا» نىڭ 21 - بابىدا توت ئامىل (توت زات)نى پاكلىق ئۇنسۇرى، ھاياتلىق ئۇنسۇرى دەپ تەرىپلەپ ئۇنى پاسكىنىلاشتۇرماسلىق تەلەپ قىلىنىدۇ②. ئۇنىڭدا ئوت - قۇياش ئەرەن (مۇسبى) تەڭرى، يەر - سۇ چىشى (مەنپى) تەڭرى سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىدۇ. «ئاۋستا» نىڭ 3 - قىسمى بولغان «ياشتا» دەستۇرىدا دۇئايى بەنت، ئەپسۇن ئوقۇش، تىل تۇمار پۈتۈپ ئېسىش قاتارلىق كونا ئىرىم - قائىدىلىرى تىلغا ئېلىنىدۇ. روھى كېسەللەرنى جىن تېگىش، قەست تېگىش، كوز تېگىش③ دىگەن سوزلەر بىلەن تەرىپلەپ دۇئا ئوقۇپ ساقايتىش تەۋسىيە قىلىنغان.

زەردەشت دىنى تۈركى خەلقلەر ئارىسىدا مۇددەت داۋاملاشقان بولۇپ، تۈركى خەلقلەرنىڭ ئاتاغلىق پادىشالىرىدىن بىرى بولغان ئەفراسىياپ④ ئاتەشپەرەسلىك دىنىنى

---

① زاراتوستىرانى ياكسۇن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 5 - 6- ئەسىرلەردە ياشىغان دىسە، بارتولومى مىلادىدىن ئىلگىرىكى 9 - ئەسىرلەردە ياشىغان دەپ پەرەز قىلىدۇ.

② ئەخمەت ئىمىن (ناجۇك) تەرجىمە قىلغان «ئەرەپ مەدەنىيىتىنىڭ گۈللەنگەن دەۋرى» 103 - بەتكە قارالسۇن.

③ كوز تېگىش.

④ مەشھۇر ئىران شائىرى ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى ئۆزىنىڭ «شاھنامە» ناملىق 60 مىڭ بېيىتلىك چوڭ داستانىدا ئىراننىڭ 5 - 6 ئەسىردىن ئىلگىرى ئوتكەن پادىشالىرى سىيا ۋە ئۇنىڭ ئوغلى كەيخىسراۋ بىلەن ئۇزاق ۋاقىت جەڭ قىلغان ئالىپ ئەرتوڭانى ئەفراسىياپ دەپ ئاتاپ تورانىيلارنىڭ پادىشاسى سۈپىتىدە تەسۋىرلەيدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتاتقۇبىلىك»دە ۋە مەخمۇت قەشقەرى «دىۋانى لۇغات تۈرك»دىمۇ ئالىپ ئەرتوڭا ھەققىدە نۇرغۇن خەلق قوشاقلىرىنى بايان قىلغان. فىردەۋسىنىڭ بۇ ئەسىرى ۋە «كەلىلە ۋە دەمنە» كىتاۋى 18 - ئەسىر (ھىجرىيە 1164 - يىللاردا) يەكەنلىك ئالىم موللا خاموش ئاخۇنۇم تەرىپىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان بولۇپ، بۇ نۇسخىلار ھازىرمۇ مەۋجۇت.

رەت قىلىپ، تۇنجى بۇددا دىنىنى ھىمايە قىلغاندىن كېيىن①، بۇددا دىنى تۈركى خەلقلەر جۈملىدىن ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تەدرىجى تارقىلىدۇ. بۇ بوكەخان مانى دىنىنى، سۇتۇق بۇغراخان ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشتىن ئىلگىرىكى مۇھىم بىر ھادىسە.

بۇددا دىنى ھىندىستاننىڭ قەدىمقى براخمان دىنى بىلەن ئاريانلارنىڭ ھىندىستانغا كوپلەپ كوچۈپ ئورۇنلىشىشى ئاساسىدا كېلىپ چىققان دىن بولۇپ، ئاۋال شىنجاڭدا تارقالغاندىن كېيىن، ئىچكى ئۆلكىلەرگە شىنجاڭ ئارقىلىق كىرگەن. شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ مىڭدى پادىشاسى مىلادىنىڭ 67 - يىلى بۇددا دىنىنى قوبۇل قىلغان②.

بۇددا دىنى شىنجاڭدا كۈچلۈك يىلتىز تارتقان بولۇپ، ئۇنىڭ مەدەنىيەتكە، جۈملىدىن تىبابەتچىلىككە بولغان تەسىرى زور. بۇددا مەدەنىيىتى تەسىرى ئاستىدا قەدىمقى ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىگە ھىندىستان تىبابەتچىلىكى مۇئەييەن تەسىر كورسەتكەن. يەنە 5 - 7- ئەسىرلەردە تۇبۇت تىبابەتچىلىكى (زاڭيى) ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن، جۈملىدىن شىنجاڭ تىبابەتچىلىكى بىلەن ئۆزئارا تەسىر قىلىشقان.

8 - 10 - ئەسىرلەردە مانى دىنى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كەڭ تارقالغاندىن كېيىنمۇ بۇددا دىنى ئۆزىنىڭ مەھەللى تەسىرىنى يوقاتقىنى يوق. قارا بالغاسۇندا شامان دىنى بىلەن مانى دىنى، ئىدىقۇتتا مانى دىنى بىلەن بۇددا دىنى، كۇچار، قەشقەر، خوتەنلەردە بۇددا دىنى بىلەن شامان ئېقىدىلىرى ساقلىنىدۇ.

تۈركى خەلقلەر جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلقى ئېتىقات قىلىپ ئوتكەن يۇقۇرىدىكى ھەر-قايسى دىنلارنىڭ ئۆزئالدىغا ئايرىم تەلىماتلىرى بولسىمۇ، لېكىن كېسەللىكلەرنى چۈشەن-دۈرۈش ۋە ئۇلارغا قارشى تۇرۇش جەھەتتە قوللىنىدىغان تەدبىرلىرى شامان دىنىنىڭ چارىلىرى بىلەن ئاساسەن ئوخشاپ كېتىدۇ. بۇ خىل ئىرىملەر تىبابەتچىلىككە تەسىر كور-سەتمەي قالمىغان. ئەمما ھەقىقى تىۋىپلەر ھەرقاچان باخشىلار، دۇئاخان، پېرىخۇنلارنىڭ ئىرىملىرىگە ئۆزلىرىنىڭ دورا - دەرمەك، قول ئەمەلىيەتلىرى بىلەن داۋالىنىشنى قارشى قويۇپ كەلگەن.

شۇڭا كەسكىن ئېيتىش مۇمكىنكى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى كېسەلگە قارشى كۈرەشنى يالغۇز يۇقۇرىدا سوزلەنگەن خۇراپاتلارغا يولىنىپلا ئېلىپ بارماي، بەلكى ئاساسلىقى دورا - دەرمەككە ۋە قول ئەمەلىيەتلىرىگە، ئەمەلي تەجرىبىلەرگە يولىنىپ ئېلىپ بارغان.

ئېلىمىزنىڭ ئەڭ قەدىمقى تىبابەتچىلىك ئەسىرى بولغان «خۇاڭدى نېيجىن سۇۋېن»

---

① ياپون تارىخچىسى يۈيشى لياۋدىنىڭ «غەربىي دىياردىكى بۇددا دىنى» دىگەن ئەسىرىگە قارالسۇن.

② مىڭدى پادىشا بۇددا دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن تاكى تاڭ دەۋرىگىچە بولغان بىرقانچە ئەسىر ئىچىدە بۇددا دىنى دەستۇرلىرى شىنجاڭ، بۇخارادا تەرجىمە قىلغان نۇسخىلىرىنى ئاساس قىلغان. بولۇپمۇ لۇپكۇاڭ مىلادى 382 - يىلى ئەسىر سۇپىتىدە پايتەختكە ئەۋەتكەن كۇچارلىق مەشھۇر بۇددا ئالىمى قۇمرا چاۋانىڭ تەرجىمە نۇسخىسىنى ئاساس قىلاتتى. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە تۈرك، ئەنەتكەك (سانسكرىت) ۋە خەنزۇ تىللىرىنىڭ ماھىرى قەشقەرلىك تىلشۇناس فى خۇيلىڭ 20 يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ يازغان 100 جىلدلىق «مۇقەددەس كىتاپلارنىڭ ترانسكرىپسىيىلىك مەنىلىرى» ناملىق ئۈچ تىللىق كىتاۋى ئاساسىدا بۇددا ئەسەرلىرىنىڭ تەرجىمىچىلىكى قېلىپلاشتۇرۇلغان («شىنجاڭ قىسقىچە تارىخى» 1 - قىسىم)

(خۇاگدى پادىشا نامىغا يېزىلغان ئىچكى كېسەللىكلەر دەستۇرى) ناملىق كىتابنىڭ "باش-
قىلارنىڭ شىپالىق نۇسخا ۋە داۋالاش ئۇسۇللىرى ھەققىدە» دېگەن بابىدا غەربىي دىيار
(شىنجاڭ) نىڭ كىلىماتى، تەبىي شارائىتلىرىنى تەپسىلى سۆزلىگەندىن كېيىن ... ئۇ يەردە
ياشايدىغان خەلقلەردە كېسەل ئىچىدىن ئاپىرىدە بولىدۇ، داۋالاشتا زەھەرلىك دورىلارنى
قوللىنىدۇ. شۇڭا زەھەرلىك دورىلار غەربىي دىياردىن كېلىدۇ، دەپ ئېنىق بايان قىلىنغان.
بۇ كىتاب بۇنىڭدىن 2500 يىلچە بۇرۇنقى چىن، خەن، جەنگو دەۋرىدىن بۇرۇنقى بىرقانچە
ئەسىر ئىچىدە كۆپلىگەن جۇگىيى تېۋىپلىرى قايتا - قايتا تولۇقلاپ تۈزۈپ چىققان ئەسەر-
دىن ئىبارەت. "دېمەك بۇنىڭدىن تەخمىنەن 3 مىڭ يىل بۇرۇن غەربىي دىيار (شىنجاڭ)
خەلقى زەھەرلىك دورىلارنى داۋالاشتا ئىشلىتەلەيدىغان ۋە ئىچكىرىگە زەھەرلىك ۋە كۈچ-
لۈك تەسىر قىلىدىغان دورىلارنى كىرگۈزەلەيدىغان دەرىجىدىكى نىسبەتەن تەرەققىي قىلغان
تېبابەتچىلىك، دورىگەرچىلىككە ئىگە بولمىسا، مەزكۇر كىلاسسىك ئەسەرگە غەربىي دىيارنىڭ
دورا ئىشلىتىش ئۇسۇللىرى مۇنداق روشەن قەيت قىلىنمىغان بولاتتى. مىلادىدىن نەچچە
ئەسىر بۇرۇن يېزىلغان «ئەۋلىيا دېخان دورا گىيالىرى» دېگەن كىتابتا غەربىي دىيار
(شىنجاڭ) نىڭ خېلى كۆپ دورىلىرى ھەققىدە تەپسىلى مەلۇمات يېزىلغان. مىلادى
659 - يىلى تاڭ ئوردىسى ئېلان قىلغان «يېڭى تۈزۈلگەن دورا - گىيالار كىتاۋى» غا
غەربىي دىيار— (شىنجاڭ) دىن كېلىدىغان 114 خىل دورا قوبۇل قىلىپ كىرگۈزۈلگەن.

شۇنىڭدەك بۇنىڭدىن 1200 يىل بۇرۇن يېزىلىپ، ھازىر گېرمانىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسىدە
ساقلىنىۋاتقان قېدىمقى ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان «ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ماتېرىياللىرى» (تۇر-
پان تېكىستلىرى) دە ئىچكى، تاشقى، كۆز، تېرە كېسەللىكلىرىنى داۋالاشنىڭ دورا ۋە
چارىلىرى تەپسىلى سۆزلەنگەن. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ھېلىمۇ ئۆز قىممىتىگە ئىگە.

بۇنىڭدىن بىر مىڭ يىل بۇرۇن يېزىلغان «دىۋان لۇغەت تۈركى» دە ئانۇم (ماخاۋ)،
چەكەك (چېچەك)، كەزىك (كېزىك)، ئەنۈچ (كۆزگە پەردە چۈشۈش)، ئاتفاق (ئاشقازان
يالل‍ۇغى)، تالاغۇ (قانتولغاق)، تۇماغۇ (زۇكام)، بالىخ (جاراھەتلىنىش)، سەگىل (داغ چۈ-
شۈش) قاتارلىق كېسەللىك ناملىرى، ئالۇچىن (ئالۇچە)، ئۈزاغۇن، ئىگىر، ئاگدۇز (داسەن)،
كەكرە، تالقا (غورا ئۈزۈم)، بىبىلى (پىلپىل)، شوغلۇ (شوخلەك ئىت ئۈزۈمى)، سارىخ تۇرما
سەۋزە)، چىنىدان (سەندەل)، مەندار (ماگدار)، بىترىك (پىستە)، باتمۇل (ئۈزۈن مۈچ)، كوكنار
قاتارلىق دورا گىيالىرى؛ ئىبرۇك (قېتىقتا ياسالغان سۈرگە)، ئۇترۇم (سۈرگە)، بوخسۇم
(بودا) قاتارلىق پىشقىلانغان دورىلار، سۇزۇندە سۇ (تىندۇرۇلغان سۇ)، بەلىك (جاراھەت
ئەسۋابى)، ئارقا جوق (ئېغىزغا دورا قۇيىدىغان قوشۇق) قاتارلىق تىببى ئۇسكۇنىلەر تىلغا
ئېلىنغان. شۇنىڭدەك مەخمۇت قەشقىرى قەدىمقى تۈركى خەلقلەر ئارىسىدىكى "ئىگىر بولسا
ئەر ئۆلمەس، ئاگدۇز بولسا ئات ئۆلمەس" دېگەن خەلق ماقالىنى كۆرسىتىدۇ. دېمەك
مىڭلىغان يىلدىن بۇرۇن تۈركى خەلقلەر ئىگىرنىڭ شىپالىق ئەھمىيىتىگە شۇ قەدەر يۇ-
قىرى باھا بېرەلىگەن.

كېيىنكى ھەرقايسى دەۋرلەردە يېتىشىپ چىققان ئاتاقلىق تېۋىپلاردىن تارتىپ ھازىر-
غىچە داۋالاش ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان بارلىق ئۇيغۇر تېۋىپلىرى پۈتۈنلەي دورا-
دەرمەك، قول ئەمەلىيەتلىرى (ئىچى - تېشىدىن دورا ئىشلىتىش)، دەستكارە، نەشتەر سېلىش،
قان ئېلىش، قان چېكىپ ياكى چەكمەي لوگقا قويۇش، تۇتۇش، ئۇۋۇلاش، سۇنۇق، چېقىقنى

ئورنىغا سىلىپ مۇقىملاشتۇرۇپ تېرىش، ئىسسىق - سوغاق ئوتكۇزۇپ داۋالاش، قۇرۇق
ئارشاڭ، ھول ئارشاڭ، سۇ، قۇم، كۈن نۇرى قاتارلىق تەبىئى ئامىللاردىن پايدىلىنىپ
داۋالاشنى ئاساس قىلدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنى خۇراپى، باخشىلىق،
ساختىپەز، ئالدامچى تىۋىپچىلىك بىلەن ھەرگىز بىردەك ئورۇنغا قويغىلى بولمايدۇ. بەل-
كى ئۇ ئۇيغۇر خەلقى ۋە باشقا قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ كوپىيىپ تەرەققى قىلىشىدا ئاسا-
سىي رول ئوينىغان تىبابەتچىلىك ئىلمى بولۇپ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەنىۋى بايلىقىنىڭ
بىر تەركىۋى قىسمىدۇر.

4

دۇنيادا باشقا ئەلنىڭ پەننىي بىلىملىرىنى قوبۇل قىلمىغان، ساپ پەن بولمىغىنىدەك،
تىبابەتچىلىك ئىلمىمۇ مەيلى قايسى ئەل، قايسى ماكاندا بولسۇن ھامان بىر - بىرىدىن
ئۆگىنىش، بىر - بىرىگە تەسىر كورسىتىش ئارقىسىدا راۋاجلانغان. ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىمۇ
يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان ھەرقايسى مەملىكەت تىبابەتچىلىكلىرىنىڭ يېڭىلىقلىرىنى قوبۇل
قىلىپ جۇملىدىن جۇڭگو تىبابەتچىلىكىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىپ مەزمۇنىنى بېيىتتى.
ئەينى ۋاقىتتا ئۇ، ئوزىنىڭ دورا - دەرمەكلىرى، باشقا يېڭىلىقلىرى ئارقىلىق جۇڭگو تىبا-
بەتچىلىكىنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتىپ، ئۇنىڭ تەرەققى قىلىشىغا چوڭ ھەسسە قوشقان.
غەربىي دىيار (شىنجاڭ) بىلەن ئىچكى ئولكىلەرنىڭ سودا - سېتىق ئالاقىلىرى، دورا-
دەرمەك سودىلىرى خېلى ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولۇپ، جاڭ چيەنىڭ غەربىي دىيارغا
قىلغان سەپىرىدىن كېيىن بۇ خىل ئالاقە تېخىمۇ قويۇقلىشىدۇ. خەن سۇلالىسى پادىشال-
رىدىن خەنئۇدى پادىشالىق قىلغان چاغدا شۇ چاغدىكى مەركەز چاڭئەندە غەربىي دىيار
بۇيۇملىرى ۋە دورا - دەرمەكلىرى سېتىلىدىغان چەنشى جىيەنجۇي ( . . . ) ماگىزىنى
قۇرۇلغان، يەنە ئىچكى ئولكىلەرگە زاراڭزا چېچىكى، ساماق، ئۇزۇم، ئانار، زەرنىخ، نو-
شۇدۇر، سۇسەئتەرى، سەبرى، سۇ قۇتىرى، جىن كېۋىزى، رەۋەن، كاپۇر، بوكەن مۇڭگۈزى،
بىدە، كۇنجۇت، ياڭاق، پۇرچاق، سەۋزە قاتارلىقلار كىرگەن ① يۇقۇرىقىلاردىن باشقا پاختا،
قوغۇن، يۇمغاقسۇت، تەرخەمەك، پالەك، خوتەن قاشتېشى، غەرپ تۇلپار ئېتى كىرگەن ②.
يەنە ئىچكىرىگە لوپنۇر (چاڭغىزۇ) ھارىغىمۇ قوشۇلۇپ سېتىلغان. يۇقۇرىدا سوزلەنگەن
دورا ئەشيالىرىنىڭ ئىچكىرىگە كىرىشى جۇڭگو تىبابەتچىلىكىنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتىپلا قالماي،
شۇنىڭ بىلەن بىللە ئىچكى ئولكىلەر يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈنمۇ زور تۇرتكىلىك
رول ئوينىغان.
بەش سۇلالە دەۋرىدە تاۋۇز تېرىش، تاۋۇز سۇيىدىن دورا سۇيىتىدە پايدىلىنىش ئىچ-
كى ئولكىلەرگە كىرگەن.
ئىچكى ئولكىلەردىنمۇ نۇرغۇنلىغان دورا ماتېرىياللىرى شىنجاڭغا چىقىرىلىپ، ئۇيغۇر
تىبابەتچىلىكى ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىيا تىۋىپلىرى، ئىران، ئەرەپ تىۋىپلىرى ئۇلار بىلەن
تونۇشقان. بۇ خىل دورىلارنىڭ جۇڭگودىن چىقىدىغانلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئۇنداق دو-

① شېنلۇڭ بېنساۋ (神农本草) غا قارالسۇن.
② گوباۋ — 82 - يىللىق 7 - ئاينىڭ 11 - كۈنىدىكى شىنجاڭ گېزىتى 3 - بەت.

رىلار نامىنىڭ ئايىغىغا "چىنى" (جۇڭگونىڭ) دېگەن قوشۇمچە قوشۇش ئادەت بولغان. رەۋەنچىنى، دارىچىنى، كابابەچىنى (كاۋاۋچىن)، مامۇرانچىنى، بادىيانچىنى، چوپچىنى ۋە باشقىلار.

سۇي سۇلالىسى (مىلادى 581 - 618) دەۋردە جۇڭگىيلار غەربىي دىيار (شىنجاڭ) تىۋىپلىرىنىڭ تەجرىبىلىرىنى قوبۇل قىلىپ "غەربى دىيار ھوكۇمالىرىنىڭ رېتسىپلىرى" 23 جىلد (西域诸仙所说药方二十三卷)، "غەربىي دىيار ئاتاقلىق تىۋىپلىرىنىڭ توت جىلدلىق مۇھىم رېتسىپلىرى توپلىمى" (西域名医所集要方四卷) غەربىي دىيار دورا رېتسىپلىرى قوبۇل قىلىنىپ يېزىلغان "ھەممە يۇرتلاردىن توپلانغان رېتسىپلەر 2600 جىلد" (四海类聚方二十六百卷) ناملىق كىتاپلار يېزىلغان. بۇ كىتاپلار سۇي، تاڭ سۇلالىلىرىدىن خېلى بۇرۇن ئۇيغۇر تىۋىپلەر تەرىپىدىن يېزىلىپ، كېيىن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. بۇ ئەسەرلەر ھازىر يوقىلىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنىڭ شۇ دەۋرلەردە ئالاھىدە تەرەققى قىلغانلىقىنى ۋە ئىچكى ئۇلكىلەر بىلەن غەربىي دىيار (شىنجاڭ) نىڭ مەدەنىيەت، تىبابەتچىلىك ئالماشتۇرۇشلىرى خېلى قويۇق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

تاڭ سۇلالىسىنىڭ مەشھۇر تىببى كىتاپلىرىمۇ ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تارالغان. تۇرپاندىن تېپىلغان جاڭ ۋېنجۇڭنىڭ شىپالىق رېتسىپلىرى (张文中疗风方)، «شېنلۇڭ بىنساۋ» (ئەۋلىيا دېخاننىڭ دورا گىيا كىتاۋى) پارچىلىرىنىڭ تېپىلغانلىقى بۇنىڭغا مىسال بولىدۇ.

تاڭ دەۋردە غەربىي دىيار (شىنجاڭ) بىلەن چاڭئەن ئارىسىدىكى دورا - دەرمەك سودىسى مىسلىسىز كېڭەيدى، دورا دۇكانلىرى كوپلەپ ئېچىلدى. يالغۇز چاڭئەن بىلەن لوياڭدا 2 - 3 مىڭ ئۇيغۇر سودىگەرلەر تىجارەت قىلاتتى. چاڭئەننىڭ غەربىي گوزەر (西市) بازىرىدا مۇسەللەس (ئۈزۈم شارابى)، ئامىلە، بەلىلە مۇراببالىرى سېتىلاتتى①. جاۋرۇشى يازغان «تەۋە ئەللەر تەزكىرىسى»② ناملىق كىتاپ بىلەن جېڭ چەن (郑虔) يازغان «غوزلار دورا گىيالىرى» (胡本草) مىلادى 659 - يىلى تاڭ ئوردىسى ئېلان قىلغان «يېڭىدىن تۈزۈتۈلگەن دورا گىيالار كىتاۋى» غا غەربىي دىيار (شىنجاڭ) دىن كېلىدىغان مەستىكى، مۇرمەككى، پالما يېغى، قەلەمپۇر، شاتەرە چېچىگى، گۈلاپ (قىزىل گۈل پار سۈيى)، مىئە سائىلە، موزا، سەبرە، قۇستى شىرىن، بىخ مارجان، كەركىدان مۈڭگۈزى، مەرۋايىت، قۇندۇز قەرى، توغرىغۇ، قارا شېھەر كوك تۇزى، نوشۇدۇر، ھىڭ، ئاق قىچا ئۇرۇقى، باقىلا، تۇرك قۇچقىچى قاتارلىق 114 خىل دورا كىرگۈزۈلگەن. يەنە شۇ دەۋردىكى 30 جىلدلىق «بىباھا رېتسىپلار» ③ ناملىق كىتاپتا، ئالاھىدە "ئىدىقۇت ئۇمۇر بەخشىش شەرۋىتى" (西州续命汤) ناملىق تەركىپىنىڭ ئىچكى ئەزا قېزىش، پالەچلىك، تىل كالۋالىشىش، ئېغىز مايماقلىشىش، قول، پۇت بېھىسلىنىش قاتارلىق ئېغىر كېسەللىكنى داۋالايدىغان بىر خىل ماددا تۇلھايات ئىكەنلىكىنى كورسىتىپ، ئۇنىڭ تەركىۋىدە چاكاندا، زەنجىۋىل، يەرمەدىگى، سىگىرتاش، دارچىن شېخى، ئۈرۈك مېغىزى، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى،

① شاڭدا: «غەربىي دىيار ۋە چاڭئەن مەدەنىيىتى» گە قارالسۇن.

② "赵汝适：诸蕃志"

③ (千金要方) چەن جىن ياۋفاڭ مىلادى 652 - يىلى سۇڭ سىمياۋ تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى دەۋردىن بۇرۇنقى ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ تىبابەتچىلىك، دورىگەرچىلىك نەتىجىلىرىنى توپلاپ چىققان ئەسەر.

كەۋرەك (كەمەك)، چوغلۇق گۈلدىن ئىبارەت شىنجاڭ يەرلىك چوپ دورىلىرى بارلىقىنى بايان قىلغان.

1970-يىلى شىئەننىڭ جەنۇبىدىكى تاڭفىن ۋاڭفۇدىن قېزىپ تېپىلغان مىلادى 755-يىللارغا ئائىت قىممەتلىك بۇيۇملار قاتارىدا دورا ماتېرىياللىرىدىن كېپەك ئالتۇن، ۋەرەقى تىللا (ئالتۇن ۋەرەق)، ستالاكتىت تېشى (چۈگرۈشى)، سىرسۇرۇخ، بىنەپشە تاش (ئاسست)، ئاق ئاھەنرە باتاش، قەھرىۋا، بىخ مارجان، مەدەستانلار بىلەن بىللە ھېقىق ئاياق، ھېقىق جام، قاش تېشى چوكا، ئالتۇن، كۈمۈش قازان ۋە داڭقان قاتارلىق دورا سايمانلىرى ۋە ئۈستىگە ئىدىقۇتلۇق يەرلىك كىشىلەر رەسمى چۈشۈرۈلگەن ئالتۇن جام ۋە ئىدىقۇتنىڭ "قۇت" (吉利) پۇلى بار①.

«زىجۇ تۇڭجيەن» كىتاۋىدا پادىشا تاڭ گاۋزۇڭ مىلادى 633-يىلى باش قېيىش كېسەلى (دەۋۋار 风眩疾) گە مۇپتىلا بولغانىدا ئۇيغۇر تېۋىپ چىمەنقۇلى داۋالىغان دېيىلگەن.

سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە دورا ماتېرىياللىرى تېخىمۇ راۋاجلىنىدۇ. «سۇڭ سۇلالىسىنىڭ تارىخى، ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى»، «خوتەن تەزكىرىسى»، «سۇڭ سۇلالىسى مۇھىم تارىخى» (宋会要稿) قاتارلىق كىتاپلاردا غەربىي دىيار (شىنجاڭ) دىن كىرگەن، ئالدىنقى باپلاردا سۆزلەنگەن دورىلار نامى ئالاھىدە تىلغا ئېلىنغان. «تىنچ جاھاننامە» (太平寰宇记) كىتاۋىدا 958-يىلى غەربىي دىياردىن 115 شىشە قىزىل گۈل گۈلابى كەلگەنلىكى، شىشىلەرنىڭ ئاغزى موملانغان بولۇپ، ئاغزىنى ئېچىپ چېچىلسا پۇرىقى 10 نەچچە كۈن كەتمەيدىغان خۇشپۇراقلىق ئىكەنلىكى يېزىلغان. 1077-يىلى 12-ئاينىڭ 27-كۈنى خوتەن ئەلچىسى رۇئاس بىلەن نانساغۇن 31 مىڭ جىڭ مەستەكىنى ئوردىغا ئېلىپ بارغانلىقى قەيت قىلىنغان.

تاڭ سۇلالىلىرى زامانىدا ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى بەرەس (ئاق كېسەل)نى داۋالاش تەدبىرلىرىنى تېپىپ ئۈنۈم قازانغان. غەربىي گېرمانىيىلىك مەشھۇر تىلشۇناس — تارىخشۇناس ئايال ئالىم گابايىن 7-8-ئەسىرلەرگە تەئەللۇق تىببى ماتېرىيال — تۇرپان ئۇيغۇر تېكىستلىرىنى نېمىس تىلىغا تەرجىمە قىلغان. ئۇنىڭدىكى رېتسېپلەردە ئاق كېسەلنى بەدىيان سۈيى بىلەن سۈرتۈپ داۋالاش، غالجىر ئىت چىشلىگەن كىشىگە شۇ ئىتنىڭ مېڭىسىنى يىگۈزۈپ داۋالاش، بۇرنى قانىسا پىشانىغا ھەسەل تېڭىش قاتارلىقلار كورسىتىلگەن.

«تاڭنامە، غەربىي دىيار تەزكىرىسى»، «تاڭ دەۋرىدىكى مەشھۇر تېۋىپلەر تەزكىرىسى» ۋە دويۇنىڭ «تۇڭدىيەن» (通典) ناملىق كىتاۋىدا ئۇيغۇر تېۋىپلىرىنىڭ باش سۆڭىكىنى يېرىپ مېڭىدىكى خالتىلىق قۇرۇتنى ئېلىپ تاشلىغانلىقى ۋە كۆزنى ئوپېراتسىيە قىلىپ ئاچقانلىقى يېزىلغان. يۈەن سۇلالىسى زامانىدا ياشىغان تاۋزۇڭيى ئۇزىنىڭ «جۇگېڭلۇ» (辍耕录) ناملىق كىتاۋىدا خوشىنسىنىڭ ئوغلى بېشى ئاغرىپ تاقەتسىزلەنگەندە ئۇيغۇر تېۋىپ چېكىسىنى يېرىپ قاتتىق، بىراق ھەركەتلىنىدىغان قۇرۇتنى ئېلىپ تاشلاپ بالىنى ساقايتقانلىقىنى كورگەنلىكىنى يازغان. شۇ كىتاپتا يەنە سەپەر ئۈستىدە تۇساتتىن قوسىقى كۆپۈپ يىقىلغان ئاتنى ئۇتەڭدىكى بىر ياشانغان ئۇيغۇر تېۋىپ ئوپېراتسىيە قىلىپلا ساقايتقانلىقى يېزىلغان. يارماق سېرىش، ئىلغا ئېلىش، ئاتلارنىڭ ئالقاراق، نوخىنىلىرىنى

① "ۋىنۋۇ" (文物 - ئاسارە ئەتىقە) ژورنىلى 1972-يىلى 1-6-سانلار.

ئېلىش چارىلىرى ئۇزۇن زامانلاردىن بېرى مەھەللى داۋالاش ئۇسۇللىرى بولۇپ قالغان ئىدى.

خەن، تاڭ، سۇڭ سۇلالىلىرى زامانىدا، غەربىي دىيار (شىنجاڭ) بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەر ئوتتۇرىسىدا، مەملىكىتىمىز بىلەن غەرب مەملىكەتلىرى ئارىسىدا سودا مۇناسىۋەتلىرى، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئىشلىرى نىسبەتەن كەڭ ئېلىپ بېرىلغان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئۆزىنىڭ بىۋاستە داۋالاش ئەمەلىيىتى ئاساسىدىكى تەرەققىياتى بىلەن بىللە، ئىچكىرى بىلەن ئىران، ئەرەب مەملىكەتلىرى بىلەن ئېلىپ بېرىلغان دورا-دەرمەك سودىسى، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئىشلىرىنىڭ تەسىرىدىمۇ زور قەدەم بىلەن ئىلگىرىلىگەن. شۇنىڭدەك، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ئىلمى ئۆز نۆۋىتىدە جۇڭگو تېبابىتى، ئىران، ئەرەب تېبابەتچىلىكلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغىمۇ مۇھىم ھەسسە قوشقان. غەربىي دىيار (شىنجاڭ)دىن چىقىدىغان دورا-دەرمەكلەر ئاتاغلىق جۇڭگو دورا كىتابلىرىغا قوبۇل قىلىنىپلا قالماي، بۇ دورىلار ئىچكىرىگە توشۇلۇپ، جۇڭگو تىۋىپلىرى تەرىپىدىن قوللىنىلىپ، جۇڭگو تېبابىتىنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتىپلا قالماي، شىنجاڭنىڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرى بولغان ۋەج تۈركى، لاجۇەرد كاشغەرى، سەپداپ كاشغەرى، ۋەج خوتەنى (خوتەن ئىگرى)، خوتەن ئىپارى قاتارلىقلار شەرقىي رىم ۋە ئەرەب خەلىپىلىكلىرىدە شۆھرەت قازىنىپ، ئەرەب، ئىران تىۋىپلىرى تەرىپىدىن كەڭ ئىستىمال قىلىندى ۋە مەشھۇر دورا كىتابلىرىغا قوبۇل قىلىندى.

## 5

ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ئىلمىنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق ئۇزۇن تارىخىنى ئەسلىگىنىمىزدە يېقىنقى مىڭ يىللىق تارىخىي جەريانىدا ئەبۇ نەسىر مۇھەممەت فارابى بىننى مۇھەممەت ب. تارخان ب ئۇزلوغ (870 — 950)، ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا (980 - 1037 ىنچى يىللار)نىڭ تېبابەتچىلىك تەلىماتىنىڭ مۇھىم ئۇتۇقلىرى ۋە تەسىرى ئۈستىدە توختالماي ئۆتەلمەيمىز. فارابى ۋە ئىبنى سىنا تەلىماتلىرى يېقىنقى مىڭ يىلدىن بۇيانقى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ مۇھىم بىر نەزەرىي ئاساسى، شۇنىڭدەك ئوتتۇرا ئەسىر غەرب مېدىتسىناسىنىڭ ھۇلى بولۇپ كەلدى.

فارابى ۋە ئىبنى سىنانىڭ تىببىي تەلىماتلىرى ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئىبارەت كەڭ رايونلارنىڭ ئەسلىدە بار بولغان پەن-مەدەنىيىتى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىنىڭ مەھسۇلىدۇر.

ماكېدونىيىلىك ئىسكەندەر مىلادىدىن تۆت ئەسىر ئىلگىرى شەرققە يۈرۈش قىلىپ بارلىققا كەلتۈرگەن چوڭ ئىمپېرىيە زېمىنىنى گىرېتسىيە دەپ ئاتىغىلى بولمايدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك ئىسلامىيەت تەسىرىدىكى كەڭ رايونلارنىمۇ ئەرەبىستان دېگىلى، ئۇلارنىڭ پەن-مەدەنىيىتىنى ھەرگىز نوقۇل ئەرەب مەدەنىيىتى دېگىلى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. چۈنكى ئەرەب قوماندانى قۇتەيبە ئوتتۇرا ئاسىياغا ئىسلام دىنىنى ئېلىپ كەلگەندە ئوتتۇرا ئاسىيا پارلاق پەن-مەدەنىيەتكە ئىگە بولغان يۈكسەك مەدەنىيەتلىك دىيار ئىدى.

ئىسلام دىنى كىرگەندىن كېيىن، دىنى قائىدە-يوسۇنلارنى ئۆگىنىش، ئەرەپلەر تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغان مەملىكەت خەلقلىرى ئارىسىدىكى سىياسى، ئىجتىمائىي ئالاقە، پەن-مەدەنىيەت ئالاقىلىرىنى كېڭەيتىش، بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئورتاق بىر تىل بو-

لۇش زورۇرىيىتى تۇغۇلىدۇ. شۇڭا ئەرەپ تىلى پۈتۈن ئىسلام مەملىكەتلىرىدە دىنى تە-لىمات، ھۆكۈمەت، پەن - مەدەنىيەت ساھەلىرىنىڭ ئاساسى ئورتاق تىلى بولۇپ قالىدۇ. ئەرەپ تىلى خۇددى لاتىن تىلى ئوتتۇرا ئەسىردە ياۋروپا دۆلەتلىرىدە ئوينىغان ئورتاق تىللىق رولىنى ئوينايدۇ. ئەرەپ بولمىغان نۇرغۇن ئالىملارنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇر ئالىمى فارابى، ئوتتۇرا ئاسىيا ئالىمى ئىبنى-سىنانىڭ بارلىق ئالەمشۇمۇل مەشھۇر ئەسەرلىرىنى پۈتۈنلەي ئەرەپ تىلىدا يېزىپ چىققانلىقىنىڭ ئاساسى سەۋەبى ئەنە شۇ. بۇ ھەرگىز مەز-كورلارنىڭ ئەرەپلىشىپ كەتكەنلىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ، ئەلۋەتتە.

ئەرەپ خەلىپىلىكلىرى 8 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا يىمىرىلىشكە باشلىغاندىن كې-يىن، بولۇپمۇ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركلىرى سامانىي سۇلالىسى دەۋرىگە كىرگىنىدىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيادا جاھان مەدەنىيىتىگە كورۇنەرلىك تۆھپە قوشقان ئىلىم - پەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكى تارىخى پاكىت، بۇنىڭغا ئەلجەبىرنىڭ ئالگېبراسى، ئابۇنەسىر فارابىينىڭ، مۇھەممەت خارەزمى، ئەبۇرەيھان بىرونى قاتارلىقلارنىڭ ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە، پەلسەپە جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرى، گۈگۈرت كىسلاتاسى (تىزابى) چىقىرىش، سىماپنى پىششىقلاپ ئىشلەش (گۆشتە)، بروم كىسلاتاسى (تىزابى)، كومۇشلۇك بروم كىسلاتاسى (تىزابى)، سىماپلىق خلورلارنىڭ ۋۇجۇتقا كەلتۈ-رۈلۈشى، ئىسپىرتنىڭ تىبابەتچىلىكتە سىناپ ئىشلىتىلىشى قاتارلىقلارنى كورسىتىپ ئوتۇش كۇپايە.

ئۇيغۇر ئالىمى ئابۇنەسىر فارابى (950 — 870 - يىللار) پادىشا ئىسمايىل سامانى سامانىيلار سۇلالىسىنى قۇرغان چاغدا 4 ياشتا ئىدى. ئۇ قەشقەرلىك سۇلتان سۇتۇق بۇغ-راخاننىڭ ۋاپاتىدىن 6 يىل ئىلگىرى ئالەمدىن ئوتكەن. فارابىينىڭ ئاتىسى تۇرخان، بوۋىسى ئۇزلۇق ئىسمىدىكى ئۇيغۇرچە - تۈركچە نامدىكى كىشىلەر ئىدى. فارابىينىڭ ئىلىم-پەننىڭ ھەممە ساھەسىدە دىگۈدەك پارلاق مۇۋەپپەقىيەتلىرى بولۇپ، ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ بىر مۇۋەپپەقىيىتى قەدىمقى يۇنان پەيلاسوپى ئارىستوتىل ئەسەرلىرىنى ئىسپاتلاش، شەرھىلەش ۋە تەرجىمە قىلىشتا گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. فارابى مەشھۇر پەيلاسوپ، تىلشۇناس، ماتېماتىك ۋە ھەكىم (تىۋىپ) ئىدى.

مۇندىن 10 ئەسىر بۇرۇن ئۇ ئادەم بەدىنىنىڭ بىر پۈتۈنلىگى، مىڭە (نېرۋا)، يۈ-رەك قاتارلىق مۇھىم ئەزالارنىڭ فىزىولوگىيىلىك رولى توغرىسىدا (ئەزالارنىڭ خىزمىتى دىگەن ئەسەردە) روھ ۋە ماددا توغرىسىدا (روھ ۋە جان ھەققىدە)، ئەقىل - ئىدراك، ئىچكى - تاشقى سەزگۇ ئەزالىرى توغرىسىدا «مەنانى ئەقىل» مىسىر باسمىسى ۋە «ئويو-نۇل مەسائىل» دىگەن ئەسەرلىرى ناھايىتى ئىلمى بولغان بىر يۈرۈش كوزقاراشلارنى دۇنياغا ئېلان قىلغان.

سامانىي سۇلالىسىنىڭ پادىشالىرىدىن شاھى نوھ ئىبنى مەنسۇر (954 — 944 - يىللار) باغداتتا زور شوھرەت قازانغان پىشقەدەم ئالىمنىڭ ئۆز خىزمىتىنى يەكۈنلەپ، ئەسەرلى-رىنى توپلاپ چىقىشنى، يەنە قىسقىچە پەلسەپە قائىدىلىرىنى تۈزۈپ چىقىشنى تاپشۇردى. ئالىم تەرىپىدىن توپلانغان ۋە نوھ ئىبنى مەنسۇرنىڭ «بەتئۇل ھوكۇما» ناملىق كىتاپخا-نىسىغا قويۇلغان فارابى ئەسەرلىرىگە «2 - ئۇستاز» دەپ نام بېرىلدى (بىرىنچى ئۇستاز دەپ ئارىستوتىل نەزەردە تۇتۇلغان ئىدى).

مەلۇماتلارغا قارىغاندا فارابى 160 پارچە ئەسەر يازغان بولۇپ، بۇنىڭدىن بىرگە مەلۇم بولغان تىپ ئەسەرلىرى «ساراڭلىق ھەققىدە»، «ئەزالارنىڭ خىزمىتى ھەققىدە»، «تەبىئەت ھەققىدە»، «تەبىئەت جىسىملىرىنىڭ ئىسسىق ـ سوغاق، ھول ـ قۇرۇقلىقى ھەققىدە»، «روھ ۋە جان ھەققىدە،» «ئاڭلاش ۋە كورۇش ھەققىدە»، «پىكىر قىلىش، ئەقىل ـ ئىدرەك ۋە ئۇنىڭ تەكامۇللىنىشى» (مەئانى ئەل ئەقىل مىسىر باسمىسى)، (فۇسۇسى ئەل ھەكىم مىسىر باسمىسى).

ئىبنى سىنا تىبابەتچىلىك بىلەن ياش تۇرۇپلا شۇغۇللىنىدۇ. ئۇ ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن كوپلىگەن تىۋىپلەرنىڭ، جۇملىدىن يەھيا ئىبنى ماسۇيە، ھەسەن ئىبنى ئىسھاق، ئابابەكرى مۇھەممەتلەرنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ چىقىدۇ. مەشھۇر ئىران ئالىمى ئابۇلھەسەن ئىبنى زەندىن تەبۇر (923 ـ يىلى ۋاپات بولغان) نىڭ «فىردەۋ سۇلھىكمەت» ناملىق زور كىتاۋى ئارقىلىق ئىران، ھىندىستان ھوكۇماللىرىنىڭ كوزقارىشى بىلەن تونۇشىدۇ. باغ-داتلىق مەشھۇر تىبابەت ئالىمى ئەررازى (923 — 850 ـ يىللار) نىڭ «بىمارى بىچارە»، «چىچەك ۋە قىزىل»، «داۋاسى مۇشكۇل يەڭگىل ئاغرىقلار»، «تىۋىپ داۋالىيالمىغان كېسەل-لىكلەر» قاتارلىق ئەسەرلىرىنى كوزدىن كەچۇرىدۇ. ئەلى ئىبنى ئابباس (944 ـ يىلى ۋاپات بولغان) نىڭ داۋالاش قوللانمىسىنى ئۆگىنىدۇ. ئىبنى سىنا ئۆز زامانىسىدىكى ھوكۇما ۋە تى-ۋىپلارنىڭ تىببى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى، بولۇپمۇ ساماني مەنسۇر ئىبنى ناخسىنىڭ 970 ـ يىلى يازغان «كىتابۇل ئەبىياتان ھەقايىقۇل ئەدۋىيات» (دورىلارنىڭ ھەقىقى خاراكتېرىستىكە ئاساسلىرى) ناملىق كىتاۋى بىلەن ئورگەنچلىك ئوبۇلخەيرى ھەممازنىڭ تىبابەتچىلىك تەجرىبىلىرىنى ئۆزلەشتۇرۇش، يەكۇنلەشكە كوڭۇل بولىدۇ. ئىبنى سىنا ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەن ۋە ئەسىرداش ھوكۇمالار، تىۋىپلارنىڭ داۋالاش تەجرىبىلىرىنى يەكۇنلەشكە ماھىر بولۇپلا قالماي، ھەر بىر كېسەللىكنىڭ سەۋەۋى، تەرەققى-يات جەريانى، ئاقىۋىتى، دورا ئەشيالىرىنىڭ خاراكتېرى، ئۇنۇمى قاتارلىقلارنى ئۆزى مۇستەقىل تەجربە ۋە ئەمىلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ خۇلاسىلاشقىمۇ ئىنتايىن كوڭۇل بولىدۇ. شۇنىڭدەك بۇرۇنقى ئالىملارنىڭ كوزقاراشلىرىدىكى يېتىشسىزلىكلەرنى ئۆزىنىڭ ئەمەلىي تەجربە نەتىجىلىرى بىلەن تولۇقلايدۇ، رەت قىلىدۇ. شۇڭا ئىبنى سىنانىڭ تىببى تەلىماتى قانداقتۇر يۇنان ئالىمى ھىپپوكرات (پەقرات)، روما تىۋىبى جالىنوس (گالېن)لار تىببى تەلىماتىنىڭ كوچۇرمىسى ئەمەس، بەلكى ئىبنى سىنا تەرىپىدىن ئىجادىي تەرەققى قىلدۇ-رۇلغان، تۈزۈتۇلگەن، تاكامۇللاشتۇرۇلغان ئوتتۇرا ئاسيا تىبابەتچىلىك ئىلمىدىن ئىبارەتتۇر.

ئىبنى سىنا ئۆزى ئىگىلىگەن تىببى بىلىم ۋە تىببى تەجرىبىلەرنى بىر سېستىمىغا سېلىشتا ئۆز دەۋرىدىكى پەلسەپىلىك كوز قاراشلارغا تايىنىشقا توغرا كېلەتتى. شۇ چاغدا ئىسلام ئالىملىرى ئارىسىدىكى نىسبەتەن ئىلغار ئىدىيىۋى ئېقىم ئابۇ نەسىر فارابى باش-لىغان، ئۇنىڭ شاگىرتلىرى ئەبۇ زەكرىيا يەھيا ئىبنى ئەدىيە، ئەبۇ سۇلايمان مۇھەممەت ئىبنى تاھىر ئىبنى بەھرام سىجىستانىيلار داۋاملاشتۇرۇپ، كېيىنچە ئىبنى سىنا بىلەن بىرۇنىلار راۋاجلاندۇرۇپ ئىبنى رۇجىد (ئاۋىرھۇس) تەرىپىدىن تۈگەللەنگەن ئېقىم ئىدى. بۇ پەلسەپىۋى ئېقىم كېيىنچە ياۋروپا ماتېرىيالىزمىغا ۋە مەدەنىيىتىنىڭ گۈللىنىشىگە كۈچلۈك تەسىر كورسەتتى.①

---

① بېيجىڭ داشۈي پەلسەپە پاكۇلتېتىنىڭ ئىبنى سىنانىڭ «كىتابۇششىفا» كىتاۋى تەرجىمىسىگە يازغان مۇقەددىمىسىگە قارالسۇن.

ئىبنى سىنا 16 يېشىدا ئۇيغۇر ئالىمى فارابىينىڭ كىتابلىرىنى ئۆگىنىشكە باش-
لىدى. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى تېمىستۇس (Themistus) نىڭ ئارىستوتىل ھەققىدىكى كىتابلى-
رىدىن بەزىبىر پەلسەپە مەسىلىلىرىنى چۈشىنەلمىگەن ئىبنى سىنا فارابى كىتابلىرىنىڭ مەپتۇنى
بولۇپ قالغان ئىدى. ئىبنى سىنا فارابى تەسىرىدە "نەزىرىيە ئىلمىنىڭ ئاخىرقى
مەقسىدى ھەقىقەتنى تونۇش"، "ھەقىقەت تاشقى ئالەم ھادىسىلىرىگە مۇۋاپىق كەلگەن
سۆز ۋە ھەرىكەتتىن ئىبارەت"① دېگەن تونۇشقا كېلىدۇ.

ئىبنى سىنا ئاناتومىيە (ئىلمى تەشرىھ)، فىزىئولوگىيە (ئىلمى ۋاز ئىفۇلئەزا)، پاتو-
لوگىيە (كېسەللىشۇناسلىق)، داۋالاش، دورىگەرچىلىك، ھىپزى سەھەت، ئوزۇقشۇناسلىق ۋە
باشقا ساھەلەرنى تەتقىق قىلدى ۋە «دانىشنامە»، «مەنتىقەل مەشرىقى»، «كىتابۇششىفا»
«كىتابۇلقانۇنى» «فىتتىب»، قاتارلىق تىببى پەنگە ئائىت مۇھىم ئەسەرلەرنى يازدى «ئەلقانۇنى
فىتتىب» (تىبابەت قانۇنلىرى) ئىبنى سىنانىڭ ئاساسلىق كىتاۋى بولۇپ، مەزكۇر كىتاپ
لاتىن تىلىغا تەرجىمە قىلىنغاندىن كېيىن 30 قېتىمدىن ئارتۇق قايتا بېسىلغانلىقى مەلۇم.
بۇ كىتاپ 12 - ئەسىردىن 18 - ئەسىرگىچە نەچچە يۈز يىل ئىچىدە شەرق ۋە غەرپ
ئەللىرىدە مېدىتسىنانىڭ مۇقەددەس كىتاۋى مېدىتسىنا ئىنىستىتۇتلارنىڭ ئاساسىي دەرس-
لىكلىرىدىن بولۇپ كەلگەن②. ئىبنى سىنا ياۋروپادا «شاھى تىبابەت
(Princepsediforum) ③ دەپ ئاتالدى. بۇغرا قارا خانىلار دەۋرىدە ياشىغان مەشھۇر تېۋىپ
ئىمادۇددىن قەشقىرى ئۇيغۇر تىلىدا «شەرھى ئەلقانۇن» ناملىق ئەسەر يازغان ۋە ئىبنى
سىنا تىبابەتچىلىكىنى شەرققە كەڭ كولەملىك راۋاجلاندۇرۇشقا تۆھپە قوشقان. رىۋايەت-
لەردە ئېيتىلىشىچە، «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنىڭ مۇئەللىپى يۈسۈپ خاس ھاجىپ پەيلاسوپ،
دولەت ئەربابى ۋە داڭدار ھېكىم (تېۋىپ) بولغان. مۇھەممەت ئەلى مۇھەممەت ئىمىن
ياركەندىنىڭ «زىبا ئۇلقۇلۇپ» ناملىق كىتاۋىدا "سورراھ" ناملىق لۇغەت كىتاۋىنىڭ
كىرىش سۆزىدە شۇ چاغدا قەشقەردە ئۇز زامانىسىنىڭ ئالىي ئوقۇش يۇرتى بولغان
"ساجىيە" (نۇر چاچقۇچى) مەدرىسىسى بەرپا قىلىنغان. كېيىنچە يەنە مىلادىنىڭ 1057 -
يىلى ئاتۇشتا ئۇنىڭ شوبە دارىلفۇنۇنى بولغان "ساج" مەدرىسىسى قۇرۇلغان. بۇ مەدرىسە-
لەر ھەر خىل پەنلەر قاتارىدا ئىبنى سىنا تىبابەتچىلىكىدىن لېكسىيەلەر ئوقۇلۇپ نۇرغۇن
تېۋىپلار يېتىشتۈرۈلگەن. ئىبنى سىنانىڭ «ئەلقانۇن»، «ئىشاراتى ھاسىل» (تىببى سىرلار
مەھسۇلى)، «مەھسۇلى نىجادى شىفا» ناملىق ئەسەرلىرى ئوقۇلغان. 13 - ئەسىردە بۇ
مەدرىسىدە ئوبۇل فازىل بىننى مۇھەممەت فازىلنىڭ «سوراھ» لۇغىتى تۈزۈلدۇ ۋە نۇر-
غۇن تىببى ئەسەرلەر ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىندۇ. جەنۇبىي شىنجاڭدا ئۆتكەن نۇرغۇن
مەشھۇر تېۋىپلار ئەنە شۇ مەدرىسىنىڭ ئۆزىدە، ياكى شۇ مەدرىسىدە يېتىشىپ چىققان ھو-

---

① «كىتابۇششىفا» بېيجىڭ داشۆي تەرجىمىسى.

② شۇ كىتاپقا بېيجىڭ داشۆي پەلسەپە پاكۇلتېتى يازغان كىرىش سۆز.

③ 信使 ناملىق ژورنال بىرلەشكەن دولەتلەر تەشكىلاتى مائارىپ، ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت تەشكىلى تەرىپىدىن 25 خىل تىل - يېزىقتا چىقىرىلىدىغان ئاساسلىق ژورنال. خەنزۇ يېزىقتىكىسى مەزكۇر تەشكىلنىڭ ھاۋالە قىلىشى بىلەن جۇڭگو تاشقى تەرجىمە نەشرىيات شىركىتى تەرىپىدىن چىقىرىلىدۇ. شۇ ناملىق ژورنالنىڭ خەنزۇ يېزىغىدىكى 1980 - يىللىق 12 - سانىغا قاراڭ. (ئىبنى سىنا ئۈچۈن چىقىرىلغان مەخسۇس سان).

كۆمالاردا ئۇقۇپ تىۋىپلىك دەرىجىسىگە ئېرىشىپ ئۇيغۇر تىبابەتچىلىگىنىڭ تەرەققىياتى ۋە خەلق سالامەتلىگىنى ساقلاش ئىشلىرى ئۈچۈن نۇرغۇن ھەسسىلەرنى قوشقان. پەقەت مەشھۇر تىۋىپ سوپى ئاخۇنۇم (مۇندىن 150 — 125 يىل بۇرۇن ياشىغان)نىڭ ئەجدادىنى مىسال قىلىپ ئالىناندا ئۇنىڭ بوۋىلىرى تەبىب مۇھەممەت مۇراد، تەبىب مەھەممەت نەسرۇللا، تەبىب ئابدۇساتتار، تەبىب مۇھەممەت سىدىق ئاخۇنۇملار، ھەيدەر ئاخۇن قەشقەرى، قاسىم ھاجىم قەشقەرى، مەھەممەت ھاجىم قەشقەرى، مەشھۇر كوز تىۋىبى گومىلىق سۇپۇرگە ھاجىم، نىسارخان ئانا، ئىسمايىل بېك، ئابلىز ئاخۇنۇم، خوتەندىن ئۈگەنگەنلەر ئىچىدە توختاش ئاخۇنۇم، مەھەممەت نىياز ھاجىم، يۇسۇپ ئاخۇنۇملار داڭلىق تىۋىپ بولغان. ئابلىز ئاخۇنۇم خوتەنى، مۇرادبېك، ئىلىبېك قاتارلىقلار شۇ قاتارغا كىرىدۇ.

ئىبنى سىنا تىبابەتچىلىك ئىلمى يەنىلا قەدىمقى تۈركى خەلقلەر، ئۇيغۇرلار تىبابەتچىلىگىدىكى تۆت زات (تۆت ئامىل) تەلىماتى ئاساسىغا قۇرۇلغان بولۇپ، ئىبنى سىنا باش مېڭىنىڭ ئادەم ھاياتىدىكى ئورنى ۋە رولى، مېڭىدىكى ئورتاق سەزگۈلەر (ھىسسى مۇشتەرەك) ۋە "ئىدراك ئامبارلىرى" غا ئالاھىدە ئېتىۋار بەرگەن. شۇنىڭدەك روھنىڭ كېسەللىك پەيدا بولۇش، راۋاجلىنىشتىكى تەسىر مەسىلىسىگە ئالاھىدە قىزىققان. ئۇ بۇ مەسىلىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن ياخشى ئوزۇق بىلەن تەمىنلەنگەن قوچقارنى بورىگە يېقىن قويۇپ بېقىش بىلەن، ناچار ئوزۇق قويۇلغان قوچقارنى بورى تەھلىكىسى بولمىغان جايدا بېقىپ، ئۇلارنى سېلىشتۇرغان. نەتىجىدە ئالدىنقى قوشقار ۋاقىتسىز كېسەل بولۇپ ئۆلگەن. خەۋپ-خەتەر سەزمىگەن قوچقار ئوزۇقلۇقنىڭ ناچارلىغىغا قارىماي ھامان ساغلام ياشاپ سەمىرگەن. ئىبنى سىنا شېكەر سىيىش كېسىلىنى تۇنجى تەتقىق قىلغان ئالىم①، ئۇ يەنە ئالتۇن-كۈمۈشنى (ئالتۇن، كۈمۈش ۋەرەقە شەكلىدە) دورىغا قوشۇپ كومۇلاچ قىلىشنى يولغا قويغان ②.

ئۇ «ئەلقانۇن» دا تېز-تېز ۋە كوپ-كوپ سىيىش، دائىم ئۇسساش، ماغدۇرسىزلىنىش، بەزىدە جىگەرنىڭ بۇزۇلۇشى قاتارلىقلارنى شېكەر سىيىش كېسىلىنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە بايان قىلىدۇ. كېسەلنىڭ سۈيدۈگىنى پارغا ئايلاندۇرغاندىن كېيىن ھەسەلدەك تاتلىق قويۇق ماددا قالىدىغانلىغىنى كورسىتىدۇ.

ئىبنى سىنا لۇئى پاستىر (1895 — 1822 - يىللار) دىن كوپ ئەسىر ئىلگىرى، سىل، چاشقان يارىسى (لىمفا توبېركۇليۇزى)، قىزىل قاتارلىق كېسەللەرگە ئىنسان كورەلمەيدىغان ئۇششاق جاندار جاراسىملار (مىكروپلار) سەۋەپچى بولىدۇ، دىگەن پەرەزنى ئوتتۇرىغا قويغان، بۇ، يۈكسەك دەرىجىدىكى ئالدىن كورەرلىكتۇر.

ئىبنى سىنانىڭ تىببى تەلىماتى شىنجاڭغا كىرگەندىن كېيىن، ئۇنى ئۆز پېتى بويىچە ئۆلۈك ھالدا قوللىنىلماي، بەلكى ئۇيغۇر تىۋىپلىرىنىڭ ئەسلىدىن بار بولغان تىبابەتچىلىك نەزىرىيىلىرى ۋە ئەمەلىيەتلىرى بىلەن تەدرىجى بىرىكتۈرۈلۈپ، شىنجاڭنىڭ تەبىي شەرت-شارائىتى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تۇرمۇش ئۆرپ-ئادىتى، شىنجاڭنىڭ دورا-دەرمەكلىرىگە ماسلاشتۇرۇلغان بىر تىبابەتچىلىك ئىلمى شەكىللەندۈرۈلدى. ئۇيغۇر تىۋىپلىرى تەرىپىدىن ئۇنىڭ مەزمۇنى تولۇقلاندۇرۇلۇپ، نۇرغۇن يېڭى كىتاپلار يېزىپ چىقىلدى. مەسىلەن: ئىما دۇددىن قەشقەرى يازغان «شەرھى ئەلشىفا» دىن تاشقىرى، ئاللا ئىددىن مۇھەممەت (خوتەنى)

①② چارلىستوننىڭ، «دۇنيا دورىگەرلىك تارىخى» غا قارالسۇن.

«زۇبدە توقەۋائىنىل ئىلاج» كىتاۋى ھىجرىيە 901 - يىلى خوتەندە يېزىلغان. خوتەن قاراقاش
ئاقساراي يېزىسىدىن جامالىدىن ئاقساراي ئەرەپ تىلىدا يازغان «ئاقساراي» كىتاۋى،
ھىجرى 1150 ىنچى يىلى ئىۋىپ مىراد بەگ ئەلى بەگ ئوغلى قەشقەر شەھرىدە يېزىپ
چىققان «ئەغرازى تىببى» (تىبابەت مەقسەتلىرى)، سەئىد مۇختار بۇلاقبەك ئوغلى 1251
ھىجرىدە قەشقەردە يازغان «تىببى شىفا» ۋە باشقىلار بۇنىڭغا دەلىل بولىدۇ. «ئاقساراي»
كىتاۋى مىلادى 1899 - يىلى ھىندىستاننىڭ لەكنو شەھرىدە نەشر قىلىنغان ۋە 1929 -
يىللارغىچە ھىندىستان دىھلى ئىسلام تىبابەت دارىلفۇنۇنىدا دەرسلىك قىلىپ ئوتۇلگەن.

## 6

ئىسلام دىنى شىنجاڭغا كىرگەندىن كېيىن، ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان مۇسۇلمان
ئۇيغۇرلار بىلەن تېخى ئىسلامنى قوبۇل قىلمىغان ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئېلىپ بېرىلغان ئۇ-
رۇشلاردا ئۇيغۇر خەلقى شامان دىنى، بۇددا دىنىغا ئېتىقان قىلغات دەۋرلەردە بارلىققا
كەلتۈرگەن بارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بىر قېتىم ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان ئىدى.

چىڭگىزخاننىڭ غەرپكە يۈرۈش قىلىشى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئۆز رەقىبى تايانخاننىڭ ئوغلى
كۈچلۈك خاننى قوغلاپ قەشقەر، خوتەن ۋادىلىرىدا ئېلىپ بارغان شىددەتلىك ئۇرۇشلى-
رى شىنجاڭ خەلقىنىڭ مەدەنىيەت، ئىلىم - پەن، تىبابەتچىلىك مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى يەنە بىر
قېتىم ۋەيرانچىلىققا ئۇچراتتى. ئەمما دائىمى ماددى ئىجتىمائى ھايات تىبابەتچىلىك
ئىلمىنىڭ تەرەققى قىلىشىنى تەلەپ قىلغاچقا، چىڭگىزخان ئۇيغۇر ئالىملىرى، ئۇيغۇر تېۋىپ-
لىرى ھەتتا ئۇيغۇر ھەربى ئەمەلدارلىرىنى ئۆز ئوردىسى ئەتراپىغا توپلىدى. ئۇ نايمان
خانى تايانخاننىڭ تامغىچىسى كاتىۋى ئۇيغۇر تىلشۇناسى تاتاتوڭانى تارتىۋالغاندىن كېيىن،
ئۆزىگە تامغىچىسى مىرزە (كاتىپ) قىلدى. تاتاتوڭا ۋە بەشبالىقلىق ئۇيغۇر ئالىمى باسپالار
قەدىمقى ئۇيغۇر ھەربى ئاساسىدا موڭغۇل ھەرپىنى تۈزۈپ چىقتى ۋە خانلىق پەرزەنتلەر
مەكتىۋىدە مۇدەررىسلىك قىلىشقا باشلىدى...

قۇبلايخان يۈەن سۇلالىسىنى قۇرغاندىن كېيىن، موڭغۇللار نۇرغۇن ئۇيغۇر ئالىملى-
رى، تېۋىپلىرىنى ئىچكىرىگە ئوردا بالىق (بېيجىڭ)گە يوتكىدى. مەسىلەن: 1229 - يىلى
بېيجىڭدا خانلىق شىپاخانىسىدىن تاشقىرى، ئۇيغۇر دورىگەرلىك مەھكىمىسى قۇرۇلدى.
1292 - يىلى بۇ مەھكىمە خان بالىق ۋە يۇقۇرى بالىق (دولۇن)دا قايتا كېڭەيتىلىپ
قۇرۇلدى. ئۇنىڭدا بىر دوغا (باشلىق)، 20 نەچچە تېۋىپ ئىشلەيتتى. ئاتاقلىق تاشقى
كېسەللەر دوختۇرى (جەرراھ) نىزەر (聂只耳) گۇاڭخۇيسى (广惠司 — كەڭ شەپقەت
مەھكىمىسى) نىڭ مىرزا بېگى بولغان. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە سىچۈەن خېجۇ ناھىيىسىدە
ئىشلىگەن مەشھۇر ھەربى دوختۇر يەھيا (赤海亚) بىلەن بولۇمشىنىڭ ئوغلى دوختۇر
ئەيشۇ (爱薛 1247 — 1318 - يىللار) ئۇيغۇر ئىدى.

مىلادى 1379 - يىللاردا تۇغۇلۇپ، يەركەن، خوتەن، قەشقەرلەردە شوھرەت قازان-
غان ئۇيغۇر تېۋىپ نورۇز ئاخۇنۇممۇ نۇرغۇنلىغان شاگىرت تەربىيىلىگەن. ئۇ كىشىنىڭ
ئۇنۇملۇك دورا نۇسخىلىرى (رېتسىپلىرى) ھازىرغىچە ئۇيغۇر تېۋىپلىرى ئارىسىدا قوللى-
نىلماقتا. مىرزا ھەيدەر قەشقەرى يازغان «تارىخى رەشىدى» كىتاۋىدا كۆرسىتىلىشىچە،

ئېلى ھاكىمى خىزىر خوجىنىڭ ۋەزىرى قەمەرىددىنمۇ مەشھۇر تېۋىپ بولغان.

قۇبلايخان ۋاقتىدا بەشبالىقلىق ئۇيغۇر ئالىمى ئەنزاڭ «قىيىن كېسەللىكلەر» ۋە «چۆپ دورىلار» (بېنساۋ) ۋە باشقا كىتابلارنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان. ئۇيغۇر ئالىمى لۇمىنشەن (鲁明善) ① ئۆزىنىڭ «دېھقانچىلىق، ئۈژمىچىلىك ۋە كىيىم - كېچەك ئاساسلىرى» (农桑衣食提要) دېگەن ئەسىرىنى نەشر قىلدۇردى. بۇ ئەسەردە دېھقانچىلىقتىن تاشقىرى، ئۈزۈمچىلىك، ئۈژمىچىلىك سىركە ۋە قۇرۇت ياساش قاتارلىقلار بايان قىلىنغان. يۈەن دەۋرىدە يېزىلغان تاڭ زۇڭيىنىڭ «جۇگىنلۇ» (辍耕录) ناملىق ئەسىرىدە بىز يۇقۇرىدا سۆزلەپ ئۆتكەن ئۇيغۇر تېۋىپلىرىنىڭ ئوپېراتسىيە مۇۋەپپەقىيەتلىرى كۆرسىتىلگەن.

مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئالدى - كەينىدە ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى داۋاملىق راۋاجلاندى ۋە جۇڭيى تىبابىتىگىمۇ داۋاملىق تەسىر كۆرسەتتى. ئېلىمىزنىڭ ئاتاقلىق دورىگەرلىك ئالىمى لى شىجېن يازغان «بېنساۋ گاڭمۇ» ناملىق كىتابتا غەربىي دىياردىن چىقىدىغان خىل دورا ئەشيالىرى تەپسىلىي بايان قىلىنغاندىن تاشقىرى، قۇرۇت، سۈزمە، سېرىق ماي، قىمىز قاتارلىق شىنجاڭ خەلقلىرىنىڭ ئىستېمال قىلىدىغان ئوزۇقلۇقلىرى، ئۇلارنىڭ ياساش ئۇسۇللىرى ۋە مەنپەئەتلىرى سۆزلەنگەن.

مىڭ دەۋرىدە يېزىلغان ئۇيغۇر تىبابەت دورا نۇسخىلىرىنىڭ توپلىمى «خۇي - خۇي ياۋفاڭ» (回回药方) ناملىق 36 جىلدلىق كىتابتىن ھازىر 4 جىلد كىتاب بېيجىڭ كىتابخانىسىدا ساقلانماقتا. بۇلار ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنىڭ زور تەرەققىياتقا ئېرىشىپ، ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى جۇڭيىلار تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە يېزىلغان «بېنساۋ گاڭمۇ شىيى» (چۆپ دورىلارنىڭ قېپقالغانلىرى) ناملىق كىتابقا، چەنلۇڭ پادىشا دەۋرىدە يېزىلغان «تۆت تىللىق لۇغەت» كىمۇ خېلى كۆپ ئۇيغۇر تىبابىتى دورىلىرى كىرگۈزۈلگەن.

19 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ، خۇددى ئىچكى ئۆلكىلەردىكىگە ئوخشاشلا، شىنجاڭدا ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى فېئودال ھۆكۈمران سىنىپىنىڭ، چەتئەل جاھانگىرلىكى ۋە ئەجنەبىي قۇلچىلىق ئىدىيىسى، مىسيونېرلار (دىن تارقاتقۇچىلار)، «پەرەڭ دوختۇرلىرى»نىڭ كەمسىتىشى، چەتكە قېقىشىغا ئۇچرىدى. مىللىي تىبابەتچىلىكنى سۈنئىي ئۇسۇلدا ياۋروپا مەدىنىيىتىغا قارشى ئورۇنغا قويۇپ، ئۇنى "خۇراپى"، "ساختا" دېگەندەك تۈرلۈك بەدناملار بىلەن قارىلاشتى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ھۆكۈمرانلىقىدا، بولۇپمۇ زالىم شىڭ شىسەي تېررورلۇقى زامانىدا ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى بۇيرۇق بىلەن مەنئىي قىلىندى. كۆزگە كۆرۈنگەن مەشھۇر تېۋىپلار قامالدى، تەقىپ قىلىندى. بەزى جايلاردا تىبابەتچىلىك كىتابلىرى كۆيدۈرۈپ تاشلاندى. نەتىجىدە خەلق ئاممىسى ياۋروپا مەدىنىيىتىغا ئېرىشەلمەيلا قالماي، ئۆزىنىڭ ئەسلىدىن بار بولغان مىللىي تىبابىتىدىنمۇ مەھرۇم بولۇپ، ھەر خىل كېسەللىكلەر كۆپلەپ تارقىلىپ، ئۆلۈم - يىتىم زور ئەۋج ئالدى. ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك ئىلمى تەرەققىياتتىن توختاپ، قاتماللىشىپ مۇنقەرزلىككە يۈز تۇتتى.

---

① لۇمىنشەن — ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلمىغان، بۇددا دىنىغا ئىشەنگۈچى ئۇيغۇر قالۇناتاشنىڭ ئوغلى بولۇپ، ئەسلى ئىسمى تومۇر قوزۇق ئىدى. 1312 - يىلى ۋاپات بولغان.

ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى كوپ ئەسىرلىك تەرەققىيات يولىنى بېسىپ ئوتتى. ئازاتلىقتىن
ئىلگىرىكى زۇلمەتلىك ئىجتىمائىي تۈزۈم ئاستىدا، كەڭ ئەمگەكچى خەلق ھەممىدىن بۇرۇن
نامرات دېخانلار ئاممىسى داۋالىنىش پۇرسىتىگە ئىگە بولالمىغان ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا
تىبابەتچىلىك ئىلمىنىڭ ئۇزىمۇ كەمسىتىلىپ، تېۋىپلار خورلىنىپ، تەقىپ قىلىنىپ يوقىلىشقا
يۈز تۇتقان ئىدى.

ئازاتلىقتىن كېيىن پارتىيىنىڭ غەمخورلۇقى بىلەن ئىجتىمائىي ئىسلاھات ۋە خەلق
ئاممىسىنىڭ سىياسى، ئىقتىسادىي جەھەتتىن قەد كوتىرىشىگە ئەگىشىپ، ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى
قايتا قەد كوتىرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى.

پارتىيە، خەلق ھوكۇمىتىنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىدا شىنجاڭنىڭ قەشقەر، خوتەن ۋىلا-
يەتلىرى ۋە ئۈرۈمچى شەھرىدە زامانىۋى ئۇسۇلدا ياسالغان 100 كارىۋاتلىقتىن 3 ئۇي-
غۇر تىبابەتچىلىكى دوختۇرخانىسى، بەزى ناھىيە، شەھەرلەردە ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك ئامبۇ-
لاتورىيىلىرى ۋە بىرلەشمە داۋالاش ئورۇنلىرى قۇرۇلدى. نەتىجىدە ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى يوق
بولۇپ كېتىش خەۋپىدىن قۇتۇلۇپلا قالماي، بەلكى بارغانسېرى تەرەققى قىلىش پۇرسىتىگە
ئېرىشتى.

ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنىڭ پۇتۇنلەي ئۇزۇلۇپ قالماي يېڭى دەۋرگە ئېرىشەلىشىدە ئەۋ-
لاتتىن - ئەۋلاتقا مەزكۇر تىبابەت بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن پىشقەدەم تېۋىپلارنىڭ رولى
زور. ئۇلار شاگىرت تەربىيىلەش بىلەنلا قالماي، بەلكى قەدىمقى تىببى كىتاپلارنى ئۇيغۇرچىغا
تەرجىمە قىلىش، ئوز تەجرىبىلىرىنى يەكۇنلەپ ئەسەر يېزىش، قەدىمقى كىتاپلارنى قولدا
كوچۇرۇپ كوپەيتىش قاتارلىق ھەرخىل ئۇسۇللار ئارقىلىق ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنى ساقلاپ
قالدى، راۋاجلاندۇردى. يېقىنقى يۈز يىلدىن بۇيان خوتەندە ھېكىم شاھ ئاخۇنۇم، مەھەم-
مەت نىياز ئاخۇنۇم، قاغىلىقتا تەجەللى ھەزرەت، سەيدىنا ھۇسەيىن، قەشقەردە ئوتكەن
مەشھۇر تېۋىپ سوپى ئاخۇنۇمنىڭ دادىسى، بوۋىسى ۋە توت ئەجدادى ۋە ئۇلارنىڭ شا-
گىرتلىرى: ئەھمەت خەلىپە ھاجىم (خوتەن)، توختى ھاجىم (قارىقاش)، يۇسۇپ ئاخۇنۇم،
مەنسۇر ھاجىم (قارىقاش)، ئەمەت ھاجىم (كېرىيە)، تۇرسۇنخان ئانا (كېرىيە) ئاياللار كېسەللى
ۋە جاراھەت مۇتەخەسسىسى بولغان 90 ياشتا ۋاپات قىلغان، يەنە كېرىيىلىك نەۋكە ئاغىچا،
ئابدىرىشت كەشمىر دىگەن تېۋىپتا رەسمى ئوقۇغان ئىچكى كېسەل، باللار كېسەلى، ئايالالار
كېسەللىكلىرىگە پىششىق بولغان. مەخسۇت ئاخۇنۇم (گۇما)، ئىلخان (لوپ)، تۇردى ھاجىم(لوپ)،
باھاۋۇدۇنھاجى (خوتەن)، ئابلىمىت يۇسۇفى (خوتەن)، ئىمىن نىياز ئاخۇنۇم (قارىقاش)،
ئابلىمىت مەھەممەت (لوپ)، يۇسۇپ ھاجىم (قەشقىرى)، زۇنۇن قارىم (يەركەن)، تۇردى
مۇھەممەت ئاخۇنۇم (خوتەن)، ھەپىزەخان مەخسۇم (قەشقەر)، ئابدىقادىر ئاخۇن (كېرىيە)،
مەشھۇر تېڭىقچى سامساق ئۇستام (ئاتۇش)، يەركەندىن ئابدۇرىشىت قارىم، زىياۋىدۇن قارىم،
ئابدۇۋاھاپ قارىم، ئابلاھەتخان مەخسۇم، ئەبەيدۇللا خان تورەم، سەيىدىن ئىبراھىم
ئوغلى مەھەممەت خان، تېۋىپ ئىمىن ھاجىم ۋە ئوغلى ئومەرەخان، تۇردى ھاجىم،
ئىمىنجان، تالىپ قادىر، ئومەر ئەمەت ھاجىم، ئابدۇللا تۇردى، قاغىلىق مەتىسلى ئىزىز
ئاخۇنۇم، سايىت پازىل ئاخۇنۇم، ياسىن داموللام، ھەمدۇللا ئاتا، نۇر ئەخمەت

ئاخۇن، كۇچاردىن قۇربان ئاخۇن خەلپىتىم، ئىمىن ئاخۇن خەلپىتىم، ھەسەن داموللام، قادىر ئەمەت، قادىر سەيپى، ياقۇپ ئاخۇن تېۋىپ، سىدىق خەلپىتىم، كېرەم روزى، بۈگۈردىن تېيىپ قارىم، ئىسمايىل داموللام، ئابدىرىم تېۋىپ، خەلىچە ئاغىچا ئانا. ئۈرۈمچى، قۇمۇل، تۇرپان - پىچان تېۋىپلىرى باي ئەزىزى، مەخلۇك ئۇستام، ئايلاخان تېۋىپ، مۇتىئوللا قارىم، قۇمۇلدىن ئاتاقلىق تېڭىقچى ئابدۇگۇل ئاخۇن، پەتتۇللا سوپى، ئايلاخان تېڭىقچى، تېۋىپلاردىن لوكچا نىياز ئاخۇن، ئابدىرېھىم ئاخۇن، مەخسۇم ئاخۇن، ئۈرۈمچىدىن ئابدىراخمان ئاتا (سەكسەن خالتا)، روزى موللام، توختى نىياز ئاخۇنۇم، غۇلجىدىن ۋاھاپ قارىم ۋە باشقىلارنىڭ زور تۆھپىلىرى بار.

ئۇيغۇر تېۋىپلىرىنىڭ بەزىبىر سەرتان (راك)، بەرەس (ئاق كېسەل)، شېكەر سىيىش كېسىلى، يۈرەك كېسىلى، بۆرەك كېسىلى قاتارلىق ئوڭاي داۋالغىلى بولمايدىغان كېسەللىكلەرنى، مۇرەككەپ سۇنۇقلارنى داۋالاش جەھەتتىكى نەتىجىلىرى شىنجاڭدا، بەلكى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا بەلگىلىك شۆھرەت قازاندى. يېڭى زېلاندىيە يازغۇچىسى لۇئىس ئايرى ئۆزىنىڭ "يىپەك يولىدا يېڭى مەنزىرە" ناملىق ماقالىسىدا («شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى 1979 - يىل 2 - سان) قەشقەر، خوتەن تىبابەتچى شىپاخانىلىرىدا 100 كارۋاتلىقتىن كېسەلخانا قۇرۇلغانلىقىنى، بۈلتۈر 6 ئۆلكىدىن كېسەللەر داۋالانغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بەرەس كېسىلى بىلەن ئاغرىپ ئۈزۈكسىز دورىسى ئىستېمال قىلىپ ئۇلۇۋېلىش نىيىتىگە كەلگەن بىر قىزنىڭ، قىرغىز ئىشچىنىڭ، گەنسۇلۇق دېخان، شەنشىلىك بىر ياش، يۈننەن ۋە خۇنەنلىك يول قۇرۇلۇش ئىشچىلىرىنىڭ بارلىقىنى قىزغىن ھېسسىيات بىلەن بايان قىلغان.

ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنىڭ كەلگۈسىدە پارتىيە رەھبەرلىكى ئاستىدا كەڭ تىببى خادىملارنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا ئۆزىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ۋەتەننى زامانىۋىلاشتۇرۇش يولىدىكى ئۇلۇغۋار يېڭى يۈرۈشتە مۇھىم تۆھپە يارىتىدىغانلىقىغا تولۇق ئىشىنىمىز.

## پايدىلانغان ئەدەبىياتلار


1. ب. د. پېتروۋ مۇھەررىرلىكىدە سوۋېت پەنلەر ئاكادېمىيىسى تۈزگەن «مېدىتسىنا تارىخى» 1 - توم.
2. چارلستون «دۇنيا دورىگەرلىك تارىخى»
3. «جۇڭگو پەن - تېخنىكا تارىخى»
4. ئىبنى سىنا: «كىتابۇششىفا» (بېيجىڭ داشۆې تەرجىمىسى)
5. ئىبنى سىنا: «كىتاب ئەلقانۇن فىتتىب»
6. «ئوغۇزنامە» (شىرماك رەتلىگەن نۇسخا ۋە «شەجەرەئى تۈرك» نۇسخىسى)
7. «چىستانى ئىلىك بېگ»
8. مەخمۇت قەشقىرى «دىۋان لۇغەت تۈركى» (ئۆزبېكچە نەشرى)
9. زەمەخشەرى: «مۇقەددەمەتۇل ئەدەب»
10 س. يې. مالوف: «قەدىمقى تۈرك يازما خاتىرىلىرى» (1951 - يىل رۇسچە نەشرى)
11. فېڭ جياشېڭ: «ئۇيغۇر تارىخى ماتېرىياللىرىنىڭ قىسقىچە توپلىمى»
12. كارادېۋا ئوكس: «ئىسلام قامۇسى» (فارابى بابى)
13. «ئۇلۇغ برىتانىيە ئېنسىكلوپېدىيىسى» (زاراتوستىرا، مانى، ئاۋرۇس قىسىملىرى)

14. ئەخمەت ئىمىن (ئاجۇڭ تەرجىمە قىلغان) «ئەرەپ مەدەنىيىتىنىڭ گۈللەنگەن دەۋرى»
15. ئا. ن. گرادشتوۋسكى: «قەدىمقى زامان شەرق تارىخى»
16. ۋ. م. مىككوۋىن: «ئوتتۇرا ئاسىيا قەدىمقى مەملىكەتلىرى تارىخى»
17 جاڭ شىنلياڭ: «جۇڭگو بىلەن غەرپنىڭ قاتناش تارىخى» (7 توملۇق)
18. ئەن زۇجاڭ: «ئىككى خەن ۋە غەربى دىيارنىڭ تارىخى مۇناسىۋىتى»
19 . شاڭ دا: «چاڭئەن ۋە غەربى دىيار مەدەنىيىتى»
20. سۇڭ دارىڭ: «جۇڭگو بىلەن ئەرەپلەرنىڭ تىببى دورا ئالماشتۇرۇشلىرى» («تارىخ تەتقىقاتى» ژورنىلى 1959 - يىل 1 - سان)
21. يۈي شى: «غەربى دىياردا بۇددا دىنى»
22. فارابى بىنسۇ گىراپىيىسى «دوكتور: ب. ن. شەھسوۋار ئوغلى، تۈركىيە» ئىس-
23. يۈسۈپ ھاجىم قەشقىرى: «قانۇنچە»
تامبۇل. 1950. 12. 29.
24. تۇردى مۇھەممەت ئاخۇنۇم: «ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك ئىلمى دەستۇرى»
25. باي ئاخۇن: «ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك ئىلمى ساۋاتلىرى»
26. «شىنجاڭ ياشلىرى» 1979 - يىل 1 - سان (لۇئىس ئايرىنىڭ ماقالىسى)
27. «ئىچكى كېسەللىكلەر ئاساسلىرى» (موسكۋا 1952 - يىل نەشرى)
28. ئۇيغۇر تىبابەت تارىخى ماتېرىياللىرى توپلىمى (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم را- يونلۇق سەھىيە نازارىتى ئۇيغۇر تىبابەت تەتقىقات ئىشخانىسى تەرىپىدىن 1982 - يىل 10 - ئاي نەشرى)
29. «تۆت توملۇق تىببى چوڭ قامۇسى» تىبەت يېزىقىدا يېزىلغان قولىيازما كىلاسسىك ئەسەر. لاسادا ساقلانغان.